راخمان خانبابايىۋ

# تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

راخمان خانبابايېۋ

# تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى

تەھرىرى: ئەنۋەر داۋۇت
مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمان نادىر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1990 - يىل. ئۈرۈمچى

# تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 7.75
1989 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 1—1,500
ISBN7-5371-0430-4/H·5
باھاسى: 1.70 يۈەن

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 1

1. تىلنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى ........ 1

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى ........ 1

تىل — ئومۇمىي خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى ... 2

تىل — تەپەككۇر قىلىشنىڭ قورالى ........ 3

2. تىل — بەلگىلەر سىستېمىسى ........ 6

تىل بەلگىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى ... 6

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىقى ۋە تۈز سىزىقلىقلىقى ........ 8

تىل بەلگىلىرىنىڭ سىستېمىلىقلىقى ........ 10

بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى... 12

تىل سىستېمىسى — ئىنسانلارغا خاس بولغان ئالاھىدىلىك ........ 14

3. فونېتىكا ........ 18

فونېتىكا تەتقىقاتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ... 18

ئاۋاز ........ 26

تاۋۇش چىقىرىش ........ 34

ئىككى تۈر تىل ئېلېمېنتى ........ 40

فونېما ........ 57

پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك ........ 63

فونېملارنىڭ تۈركۈملىنىشى ........ 69

فونېملارنىڭ بىرىكىشى ........ 72

نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ........ 74

4. گراماتىكا ........ 77

گراماتىكا قائىدىسى ........ 78

گراماتىكىلىق بىرلىكلەر ........ 81

بىرىكىش قائىدىسى ........ 87

تۈركۈملىنىش ........ 100

ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش ۋە جۈملە تىپلىرى ........ 113

تىللارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى ۋە ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ........ 116

5. سېمانتىكا ........ 123

لۇغەت تەركىبى ۋە سۆز مەنىسى ........ 123

سۆز مەنىلىرىنىڭ تۈركۈملىنىشى ........ 130

سۆز مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشى ........ 146

6. يېزىق ۋە يېزىق تىلى ........ 153

يېزىق ۋە تىل ........ 153

يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ........ 158

ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلى ........ 171

7. تىلنىڭ تەرەققىياتى ........ 174

تىل تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكى ........ 174

تىلنىڭ بۆلۈنۈشى ........ 183

قوشۇمچە:

دۇنيادىكى تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى ........ 293

تىلنىڭ بىرلىككە كېلىشى ........................ 05
8. تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ..................... 08
تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ................... 08
تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ........................ 11
دۇنيا تىلى ........................................ 215
9. تىل سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى .................. 217
فونېتىكىنىڭ تەرەققىياتى .......................... 217
گىراماتىكىنىڭ تەرەققىياتى ........................ 225

# مۇقەددىمە

## 1. تىلشۇناسلىق ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى

تىلشۇناسلىق — تىلنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. تىل بولسا تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى.

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى①. تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كىشىلەرنى تىل ھەققىدىكى ئەقلىي بىلىمگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

تىلنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. تىلدىكى تەتقىقات ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار: فونېتىكا، گىراماتىكا، لېكسىكا ۋە سېمانتىكا. بۇ قىسىملارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەلۇم كەسمە دەۋردىكى تىلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلەشكە، ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ياكى مەلۇم دائىرىدىكى تىللار ئارا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. تىل بىر ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ، تىلنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پسىخولوگىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭلاشقا تىلغا قارىتا يەنە ئۇنىڭ جەمئىيەت

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20 - توم، 396 - بەت.

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇلى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ھەر خىل تىللارنىڭ ئاساسىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق تىلنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ نەزەرىيىۋى تىلشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى. بىز بۇ تېزىستا تىلنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچى.

## 2. تىلشۇناسلىقنىڭ پەن سىستېمىسىدىكى تۇتقان ئورنى

تىل پائالىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن. ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسى تىلغا موھتاج. بۇ خىل ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا تىل تەتقىقاتىنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىل تەتقىقاتى ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەنلا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە تەبىئىي پەنلەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. بۇنى ئالاقىلىشىشنىڭ جەريانى ئارقىلىق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنىڭ جەريانى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىق ئىش، لېكىن ئۇ بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئىنفورماتسىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن سۆزلىگەندە، بۇ جەريان

ئاساسەن «رەقەم تۈزۈش — چىقىرىش — يوللاش — قوبۇل قىلىش — رەقەمنى يېشىش» دىن ئىبارەت بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئىپتىلىۋاتقان ھەربىر باسقۇچقا نىسبەتەن مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. بۇ خىل تەتقىقات، تەبىئىيكى، تىلنى تەتقىق قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، لېكىن بۇ ئىشنى تىلشۇناسلىقنىڭ ئۆزى يالغۇز تاماملىيالمايدۇ. بۇ ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىل تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بارغانسېرى باشقا پەنلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشمەكتە، تىلشۇناسلىق پۈتۈن پەن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلمەكتە.

## 3. تىلشۇناسلىقنىڭ رولى

تىل توغرىسىدىكى ئەقلىي بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە ئەمەلىيەتكە قارىتا يېتەكچىلىك رولى بولىدۇ. تىلشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولى بار.

بىرىنچىدىن، تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش — پەن - تېخنىكىنى ئىگىلەشنىڭ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسى.

ئىككىنچىدىن، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى

بار. تىل - يېزىق سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈزۈن مۇددەتلىك ۋەزىپە. تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ھەر خىل خىزمەتلەرنى توغرا ۋە ئوڭۇشلۇق ئىشلەش ئۈچۈن، چوقۇم تىل ۋە يېزىق قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلشۇناسلىقنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تىلشۇناسلىق بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 1. تىلنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى

### تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى

تىلنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ياراتقان. ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «تىل ئەمگەك داۋامىدا ۋە ئەمگەك بىلەن بىللە كېلىپ چىققان. بۇ — بىردىنبىر توغرا چۈشەندۈرۈش...»①

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى (چۈنكى كىشىلەر تىلدىن باشقا يەنە ئىشارەت، بايراق، چىراغ، تېلېگراممىا سىغناللىرى، ماتېماتىكا بەلگىلىرى ۋە خىمىيە فورمۇلىلىرى قاتارلىق ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدۇ). شۇڭلاشقا ئېنىق ئالاقىلىشىش قورالى، تىللىق ئالاقىلىشىش قورالى ۋە غەيرىي تىللىق ئالاقىلىشىش قورالى

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»، 7 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1973 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تىل — نۇتۇق سۆزلەش ۋە ئىدىيىنى ئىپادىلەشنىڭ قورالى. نۇتۇق بولسا كىشىلەرنىڭ بۇخىل قورالنى ئىشلىتىپ، ئىدىيىنى ئىپادىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن نەتىجە. كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تىل ئارقىلىق ساقلىنىدۇ. تىل بولغاندىلا، جەمئىيەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر ئاندىن بىرلىكتە ئەمگەك قىلالايدۇ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، بىرلىكتە كۈرەش ئېلىپ بارالايدۇ، ئاندىن تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىدىكى ئورتاق پائالىيەتنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: «پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان تىل بولمىسا، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىدۇ، يىمىرىلىدۇ ۋە جەمئىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل ھەم ئالاقىلىشىش قورالى، ھەم جەمئىيەتنىڭ كۈرەش قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش قورالى.»①

## تىل — ئومۇمىي خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى

تىل جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن ئورتاق نەرسە. ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى. ستالىن بۇ نۇقتىنى سۆزلىگەندە، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «تىل بىرەر سىنىپ تەرىپىدىن ۋۇجۇد-

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 30 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

قا كەلتۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋە نۇرغۇن ئەۋلادلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. تىل بىرەر سىنىپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، تىل جەمئىيەت ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان، ئومۇمىي خەلق تىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىلنىڭ خىزمەت قىلىش رولى پرىنسىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، باشقا سىنىپلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلار ئۈچۈن باپباراۋەر خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.»①

## تىل — تەپەككۇر قىلىشنىڭ قورالى

(تىل - تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى، لېكىن بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس. بەزىبىر ئالاھىدە ئەھۋاللاردا بەزى مەنىلەر باشقا غەيرىي تىللىق ئالاقىلىشىش قوراللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر تىل

① يۇقىرىدىكى كىتاب.

ئىدىيىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر دىنبىر قورالى دېيىلسە «ئېيتىپ مەنىنى بىلدۈرۈپ كېتەلمەسلىك» ھادىسىسى بولمىغان بولاتتى)، شۇنداقلا بىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ئورنى. كىشىلەر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىپ، ئۇقۇم شەكىللەندۈرگەندە، تىل ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى بېكىتىپ ئۇنى ساقلايدۇ. ستالىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەر بىلەن ۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.»①

تەپەككۇر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق، لېكىن ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلى ئوخشاش بولمايدۇ. تەپەككۇر چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى. ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىكى يوق. شۇڭلاشقا چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى بولغان تەپەككۇرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ. بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئوخشاش بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ھەرخىل مىللەتتىكى كىشىلەر ئوخشاش بولغان نەرسىلەرنى بىلەلەيدۇ، لېكىن تەپەككۇر بىلەن ئايرىلالمايدىغان تىلنىڭ بولسا مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 30 - بەت.

بولىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ بىردىن مىللىي تىلى بولىدۇ.
تىلنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن تەپەككۇرنىڭ پۈتۈن
ئىنسانىيەتكە خاس بولۇشتەك خاراكتېرى ئارىسىدا زىددى-
يەت مەۋجۇت. بۇ زىددىيەت تىللار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش
خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. ئېلېكترونلۇق
ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ «سۈنئىي
ئەقىل ئىقتىدارى» دېگەن بىر يېڭى پەن بارلىققا كەلدى.
ھازىر ئالىملار ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن
بىۋاستە سۆزلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماق-
تا. بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تىلشۇناسلىقنىڭ تىلنى
تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش
ماشىنىسىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە باغلىق. بۈگۈنكى
كۈندە تىلشۇناسلىق بىلەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش
ماشىنا تېخنىكىسىنىڭ ھەمكارلىق دائىرىسى كۈندىن-
كۈنگە كېڭەيمەكتە.

## 2. تىل — بەلگىلەر سىستېمىسى

### تىل بەلگىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان نەرسىسى بىر خىل ئەمەلىي نەرسە بولماستىن، بەلكى شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەردىن ئىبارەت. سۆز بىرخىل بەلگىدىن ئىبارەت. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قانداق شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ. بىر كىشى بۇ بەلگىلەرنى ئىگىلىگەندە، بۇ بەلگىلەرنىڭ قانداق نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولىدۇ. سۆزدىن ئىبارەت بۇ خىل بەلگە تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىركىشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. تاۋۇش تىل بەلگىلىرىنىڭ ماددىي شەكلى.

بەلگە بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىلىغان شەيئى ئىككى خىل نەرسە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇقەررەر مۇناسىۋەت يوق. تىل بەلگىلىرى ئۆز ئىچىگە شەكىل ۋە مەنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئالىدۇ. شەكىلنى كىشىلەر سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق سېزىپ بىلەلەيدۇ، تىلنى بولسا ئاڭلاش

سەزگۈسى ئارقىلىق سېزىۋالالايدۇ. بۇ سېزىپ بىلىدىغان شەكىللەرنىڭ ھەممىسى مەنە بىلەن بىرىكىپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش شەكلى «adɛm» بولۇپ ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق سېزىپ بىلەلەيدىغان تاۋۇشلار. بۇ «ئىككى پۇتى بىلەن ماڭالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان مەخلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تىل بەلگىلىرىدىكى شەكىل ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشى جەمئىيەت تەرىپىدىن «ئۆز - ئۆزىدىن ئادەتكە ئايلانغان» نەرسە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر، ماھىيەتلىك باغلىنىش يوق. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىككى پۇتىدا ماڭالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان مەخلۇق»دىن ئىبارەت بۇ مەنىنىڭ «adɛm» دىن ئىبارەت تاۋۇشلار شەكلى بىلەن بىرىكىشىدە ھېچقانداق داۋلىنى سۆزلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ، پۈتۈنلەي جەمئىيەتنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن شۇنداق بولۇپ قالغان.

«ئادەت ئارقىلىق بەلگىلەنمەك» بۇ تىل بەلگىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىل بەلگىلىرى ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كېلىشىش ئارقىلىق مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئالاقىلىشىش قورالى بولالايدۇ. بەلگىلەرنىڭ بۇ شەرتلىرى ئەمەلىيەتتە بەلگىنىڭ شەكلى، مەنىسى ۋە بەلگە ۋەكىللىك قىلغان رېئال ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز تىل بەلگىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، سىخېما ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

## 2. تىل — بەلگىلەر سىستېمىسى

### تىل بەلگىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان نەرسىسى بىر خىل ئەمەلىي نەرسە بولماستىن، بەلكى شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەردىن ئىبارەت. سۆز بىر خىل بەلگىدىن ئىبارەت. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قاندىلاق شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ. بىر كىشى بۇ بەلگىلەرنى ئىشلىگەندە، بۇ بەلگىلەرنىڭ قانداق نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولىدۇ. سۆزدىن ئىبارەت بۇ خىل بەلگە تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. تاۋۇش تىل بەلگىلىرىنىڭ ماددىي شەكلى.

بەلگە بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان شەيئى ئىككى خىل نەرسە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇقەررەر مۇناسىۋەت يوق. تىل بەلگىلىرى ئۆز ئىچىگە شەكىل ۋە مەنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئالىدۇ. شەكىلنى كىشىلەر سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق سېزىپ بىلەلەيدۇ، تىلنى بولسا ئاڭلاش

سەزگۈسى ئارقىلىق سېزىۋالالايدۇ. بۇ سېزىپ بىلىدىغان شەكىللەرنىڭ ھەممىسى مەنە بىلەن بىرىكىپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش شەكلى «adɛm» بولۇپ ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق سېزىپ بىلەلەيدىغان تاۋۇشلار. بۇ «ئىككى پۇتى بىلەن ماڭالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان مەخلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تىل بەلگىلىرىدىكى شەكىل ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشى جەمئىيەت تەرىپىدىن «ئۆز - ئۆزىدىن ئادەتكە ئايلانغان» نەرسە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر، ماھىيەتلىك باغلىنىش يوق. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىككى پۇتىدا ماڭالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان مەخلۇق»دىن ئىبارەت بۇ مەنىنىڭ «adɛm» دىن ئىبارەت تاۋۇشلار شەكلى بىلەن بىرىكىشىدە ھېچقانداق داۋلىنى سۆزلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ، پۈتۈنلەي جەمئىيەتنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن شۇنداق بولۇپ قالغان.

«ئادەت ئارقىلىق بەلگىلەنمەك» بۇ تىل بەلگىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىل بەلگىلىرى ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كېلىشىش ئارقىلىق مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئالاقىلىشىش قورالى بولالايدۇ. بەلگىلەرنىڭ بۇ شەرتلىرى ئەمەلىيەتتە بەلگىنىڭ شەكلى، مەنىسى ۋە بەلگە ۋەكىللىك قىلغان رېئال ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز تىل بەلگىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، سېخېما ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:




## تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىقى ۋە تۈز سىزىقلىقى

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تاۋۇشى بىلەن مەنىسىنىڭ بىرىكىشىنىڭ ئىختىيارىيلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن بېكىتىلىپ ئادەتلەنگەنلىكتىن بولىدۇ. تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىكى ئىختىيارىيلىق ئىنسانلار تىلىنىڭ ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك بولۇشىدىكى بىر ئاساسى سەۋەب. ھەرخىل تىللار ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار ئارقىلىق ئوخشاش شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «书»، ئىنگلىز تىلىدىكى «book»، ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب») يەنە، ئوخشاش بىرخىل تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىغان شەيئىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «糖» (شېكەر)، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاڭ» (بىلمەسلىك، دېگەنلەرگە ئوخشاش). بۇ ئەھۋاللار تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بەلگىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتى پەقەت بەلگىنى ياراتقان چاغدىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەلگە ئالاقىلىشىشقا كىرگەندىن كېيىن، يەنى مەلۇم بىر تاۋۇش

شەكلى بىلەن مەلۇم بىر مەنە بىرلىشىپ مۇئەييەن رېئال ئەھۋالنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشلەتكۈچى ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر قايتىدىن جەمئىيەت تەرىپىدىن كېلىشمەستىن ئۆزگەر-تىلسە، ئۇ چاغدا بەلگە ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ.

تىل بەلگىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تۈز سىزىقلىقلىقى. تىل بەلگىلىرى پەقەت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بارلىققا كېلىدۇ، زامان جەھەتتە تۈز سى-زىق بويىچە تارقىلىدۇ.

بەلگىنىڭ ئىختىيارىيلىقى يەككە بەلگىنىڭ تاۋۇش ۋە مەنە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئېيتىلغان. بەلگىلەرنىڭ تۈز سىزىقلىقلىقى دېگەندە، بەل-گىلەر بىر - بىرىگە ياندىشىپ بىرىكتۈرۈلۈپ، ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلمىلارنى تۈزەيدۇ. بەلگە بىلەن بەلگىنىڭ بىرىكىشى ۋە يەككە بەلگىدىكى تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدە ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بەلگە بىلەن بەل-گىنىڭ بىرىكىشى ئىختىيارىي ئەمەس، ئۇنىڭدا شەرت بولىدۇ. ئۇنى ئىسپاتلاشقا ۋە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بەلگە بىلەن بەلگىنىڭ بىرىكىش شەرتى تىلدىكى ھەرخىل قۇرۇل-مىلارنىڭ قائىدىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «ياخشى كىتاب»، «كىتاب ياخشى» قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ كىچىك بەلگىلەردىن بىرىكىپ تۈزۈلگەن. «كىتاب»، «ياخ-شى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ ئىختىيا-رىي بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بەلگە، لېكىن ئۇلارنىڭ «ياخشى كىتاب»، «كىتاب ياخشى» دەپ بىرىكىشى ئىختى-

يارىي ئەمەس. ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتنى سۆزلىگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىدىن بىرىكىش شەرتىنى ئۇققىلى بولىدۇ، ئىختىيارىيلىقنى ئاساس قىلغان بەلگە شەرتلىك ۋە قائىدىلىك مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. بۇ، تىلنى قانۇنىيەتكە ۋە چۈشىنىش خاراكتېرىگە ئىگە قىلىدۇ.

## تىل بەلگىلىرىنىڭ سىستېمىلىقلىقى

تىل بەلگىلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بىر دۆۋە نەرسە بولماستىن، تەشكىللىك ۋە تەرتىپلىك بىر سىستېما. تىل بىرخىل قاتلاملىق قۇرۇلما. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قاتلاملارغا بۆلۈنۈشىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما بىرىكىش ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

تىلنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىر يۈرۈش فونېمىلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بىرخىل تىلنىڭ فونېمىلىرىنىڭ سانى گەرچە بىرقانچە ئون بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى كۆپ بىرىكىشلەرنى تۈزەيدۇ. بۇ خىل بىرىكىشلەر تىل بەلگىلىرىنىڭ شەكىل قىسمىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. تىلنىڭ يۇقىرى قاتلىمى تاۋۇش ۋە مەنىدىن بىرىككەن بەلگە ۋە بەلگىلەرنىڭ تىزمىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىر قاتلام يەنە بىرقانچە بالداقلارغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بالداق مورفېما بولۇپ، مەنە بۇ يەردە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، تاۋۇش ۋە مەنىدىن بىرىككەن ئەڭ كىچىك بەلگىنى ھاسىل

قىلىدۇ. ئىككىنچى بالداق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن سۆز بولىدۇ. ئۈچىنچى بالداق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە بولىدۇ. سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلەر تىزمىسىدىن ئىبارەت.

فونېمىدىن مورفېمىغىچە بولغان جەريان تىلنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىدا ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق بىر كېسىش ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، فونېما پەقەت بەلگىنىڭ شەكلىنى شەكىللەندۈرسە، مورفېما شەكىل بىلەن مەنىنى بىرلەشتۈرىدىغان بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فونېمىدىن مورفېمىغا ئۆتۈش بىرخىل سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. تىلدىكى فونېمىلارنىڭ سانى بىرقانچە ئون بولسا، مورفېمىلارنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭ، بىرقانچە ئون فونېما بىرىكسە بىرنەچچە مىڭ بەلگە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا فونېمىدىن مورفېمىغا ئۆتۈش يەنە بىر سان ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت مورفېمىلارنىڭ بولۇشى بىلەنلا ئالاقىلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنى بىرىكتۈرگەندىن كېيىن تۈمەنلىگەن سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. سۆز پەقەت نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ماتېرىيالى، سۆز بىلەن سۆزنى بىرىكتۈرۈپ جۈملە تۈزگەندە ئاندىن ئالاقىلىشىشقا بولىدۇ. جۈملە ئالاقىلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن نەرسە. تىل كىشىلەرنى تۈمەنلىگەن سۆز ۋە ھەرخىل جانلىق بولغان جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر چەكسىز مىقداردىكى جۈملىلەرنى تۈزەيدۇ.

تىلنىڭ قاتلىمنىڭ قۇرۇلمىسى: فونېما ـ مورفېما ـ سۆز ـ جۈملىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىر نەچچە ئۇن ـ بىر قانچە مەنىڭ ـ تۆمەنلىگەن ـ چەكسىز، مانا بۇ تىلدىن ئىبارەت قاتلاملىق قۇرۇلمىنىڭ ئەقتىدارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى

تىلدىن ئىبارەت بۇ قاتلاملىق قۇرۇلما بىرىكىش (كومبىناتسىيە) ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. يۇقىرىدا بىز سۆزنىڭ تىلدىكى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ھازىر، بىز سۆزلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى: سۆزلەرنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلى زامان جەھەتتىكى تۈز سىزىقچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىلگىرى كېيىن بىرىكىدۇ. بۇ خۇددى بىر زەنجىرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىر ھالقا يەنە بىر ھالقىغا تۇتاشتۇرۇلغان بولىدۇ. تىل زەنجىرىدىكى ھەربىر ھالقىنى ئېلىۋېتىپ، باشقا بىر ھالقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر تىل زەنجىرىنى تۈزەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىرىكىش مۇناسىۋىتى

تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى

| | | |
|---|---|---|
| دىلدار | خەت | يېزىۋاتىدۇ |
| جەسۇر | ئىنگلىزتىلى | ئۆگىنىۋاتىدۇ |
| نادىر | ئىسكىرىپكا | چېلىۋاتىدۇ |
| دىيار | رەسىم | سىزىۋاتىدۇ |
| رەنا | پومزەك | ئوينىۋاتىدۇ |
| ~ | ~ | ~ |
| ~ | ~ | ~ |
| ~ | ~ | ~ |

بەلگە بىلەن بەلگىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇناسىۋەت «بەلگىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەلگىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى شەرتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «ياخشى»، «كىتاب»دىن ئىبارەت ئىككى بەلگە «ياخشى كىتاب» ۋە «كىتاب ياخشى» بولۇپ بىرىكىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ. پۈتۈن بىرىكمىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەلگە بىلەن بەلگىنىڭ بىرىكىشى تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

زەنجىرنىڭ مەلۇم ھالقىسىدىكى ئۆزئارا ئالمىشىدىغان بەلگىلەر مۇئەييەن بىرخىل ئوخشاش رولغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار تەبىئىي ھالدا تۈركۈملىنىپ توپنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى «تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «ياخشى كىتاب». بۇ بەلگىلەر زەنجىرىگە نىسبەتەن ئېيتساق، «ياخشى» دېگەن ئورۇندا «يامان»، «چىرايلىق»، «سېرىق» دېگەن سۆزلەر كېلىشى

مۇمكىن. «كىتاب»نىڭ ئورنىغا «كىيىم»، «دەپتەر»، «قەلەم» قاتارلىق سۆزلەر كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى گۇرۇپپا سۆزلەر ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا بىر تۈركۈمنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى تىل سىستېمىسىدىكى ئىككى خىل تۈپكى مۇناسىۋەت. پەقەت تىل بەلگىلىرى (سۆز، مورفېما) بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىدە بولۇپلا قالماي، بەلكى بەلگىنى ھاسىل قىلىدىغان فونېما ۋە مەنىمۇ بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتى بولسا تىل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى بىر ھالقا. بىزنىڭ مۇرەككەپ تىل ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە يىغىنچاقلىشىمىزدىكى بىر دانە ئاچقۇچ.

## تىل سىستېمىسى — ئىنسانلارغا خاس بولغان ئالاھىدىلىك

تىلنى ئىگىلەش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان چوڭ مېڭە ۋە جانلىق تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى بولۇشى زۆرۈر، يەنى ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە جانلىق تاۋۇش چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك.

ئادەمدىن باشقا مەخلۇقلاردا مۇنداق ئىككى خىل قابىلىيەت بولمايدۇ. باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئىنسان تىلىنى ئىگىلىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆزئارا ئالاقىلە-

شەلەيدۇ. بۇ هايۋانلارنىڭ «تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تىلى بىلەن بۇخىل هايۋانلارنىڭ تىلىدا ماھىيەتلىك پەرق بار:

1. بىرلىكلەرنىڭ ئېنىقلىقى. ئىنسانلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزى گادىرماچ بىرنەرسە بولماستىن، چەكلىك ئېنىق بولغان بىرلىكلەردىن ئىبارەت. ئالاقىلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تىلنىڭ قائىدىلىرى بويىچە جۈملىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا بولىدۇ، لېكىن هايۋانلارنىڭ «تىلى» گادىرماچ بولغان تاۋۇش ياكى ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق مۇقىم مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلاردىكى بىرلىكنى ئايرىپ چىقىشقا بولمايدۇ ھەمدە بىرلىكلەرنىڭ بىرىكىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

2. ئىختىيارىيلىقى. هايۋانلار تىلىنىڭ ئىختىيارىيلىقى بولمايدۇ. ئۇلاردا تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىكى ئىختىيارىيلىق بولمايدۇ. بەزى جانلىقلارنىڭ «تىلى»دا مەلۇم دەرىجىدە ئىختىيارىيلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم دائىرىدە چەكلىنىدۇ ۋە ئۆلۈك بولىدۇ. بۇنى ئىنسانلارنىڭ تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

3. قۇرۇلمىنىڭ ئىككى قاتلاملىق خاراكتېرى. ئىنسانلار تىلى فونېما قاتلىمى ۋە بەلگە قاتلىمىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما. بەلگە قاتلىمى يەنە بىرقانچە بالداقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ مورفېمنى ئەڭ كىچىك بىرلىك قىلىپ، بىرىكىش ئارقىلىق سۆز ۋە جۈملىلەردىن ئىبارەت بەلگىلەر تىزمىسىنى هاسىل

قىلىدۇ، لېكىن ھايۋانلارنىڭ «تىلى» نىڭ بىرلىكىنى ئايرىپ چىقىپ، قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرۇلمىسىنىڭ ئىككى قاتلاملىقى ھەققىدە تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

4. ئىجادچانلىقى. قۇرۇلمىسىنىڭ ئىككى قاتلاملىق خاراكتېرىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى شۇكى، تىلنىڭ ئىجادچانلىقى ئارقىلىق كىشىلەر چەكلىك تىل ۋاستىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە بىرىكتۈرۈش بىلەن چەكسىز جۈملىلەرنى تۈزەيدۇ، لېكىن ھايۋانلارنىڭ تىلى بىرخىل يېپىق سىستېما بولۇپ، ئۇ يەتكۈزىدىغان ئۇچۇر مۇقىم بولۇپ، تەسىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

5. ئىگىلىۋېلىش خاراكتېرى. ئىنسانلارنىڭ تىل قابىلىيىتى تۇغما بولىدۇ، لېكىن قايسى تىلنى ئىگىلىشى كېيىنكى ئىش. بىر رېئال تىل شارائىتى بولمىسا، بىرخىل تىلنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ «تىلى» بولسا تۇغۇلۇشى بىلەن بار بولۇپ، ئۆگىنىش ھاجەتسىز.

6. ئىنسانلارنىڭ تىلى زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئالاقىلىشىشى كونكرېت ئەھۋالغا بولغان ھېسسىي ئىنكاس بولۇپ، پەقەت مەلۇم بىرخىل ئۇچۇرنىلا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيدۇ ياكى كەلگۈسىنى پەرەز قىلالمايدۇ. پەقەت ئىنسانلار تىلنى ئىشلىتىپ ئۆتمۈشنى، ھازىرنى سۆزلىيەلەيدۇ، مۇرەككەپ بولغان ئىدراكىي پەرەز قىلالايدۇ. تىلنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇچۇرنى يەتكۈ-

ۋشىنىڭ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالتە تەرەپ، ئىنسانلار تىلى بىلەن هايۋانلار «تىلى» نىڭ تۈپكى پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر هازىرلانغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئىنسانلار تىلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تىل ئىنسانلارغا خاس بولغان ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: «تاۋۇشلۇق تىل ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەرنىڭ هايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا، جەمئىيەت تۈزۈشكە، ئۆز تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن غەلىبىلىك تۈردە كۈرەش قىلىشقا ھەمدە هازىرقى ۋاقىتتا بىز قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتقا يېتىشكە ياردەم بەرگەن كۈچلەرنىڭ بىرى»①. بۇ بىر ئابزاست سۆز، يىغىنچاق ۋە ئېنىق هالدا تىلنىڭ ئىنسانلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدىكى زور رولىنى شەرھلەپ بېرىدۇ.

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 64 - بەت.

## 3. فونېتىكا

### فونېتىكا تەتقىقاتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى

**1.** تىل تاۋۇشلىرىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك

ئۇچۇرنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى
ماددىي ماتېرىيالنى ئۆزىنىڭ توشۇغۇچى جىسمى قىلغاندا
ئاندىن بەلگىلەرنى چىقارغىلى، يەتكۈزگىلى ۋە ھېس
قىلىپ بىلگىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى
بولغان تىل، ئېغىز بوشلۇقىدىن چىققان تىل تاۋۇشلىرىنى
بەلگىلەرنىڭ تاشقى پوستى قىلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى فونېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى
ھەرقايسى پەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوبيېكتىنى تەتقىق قىلىش
ئۈچۈن، دائىم دېگۈدەك ئۇنى ئەڭ كىچىك بىرلىكلەرگە
بۆلۈپ، ئاندىن بۇ بىرلىكلەرنىڭ خاراكتېرى، ئۆزئارا
مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيەتلىرىنى تەت
قىق قىلىدۇ. ئەڭ كىچىك تىل تاۋۇشىنىڭ بىرلىكى بىر
قاتار گەپلەرنىڭ ئىچىدىن كېسىۋېلىنىپ ئىشچاملانغا
بولىدۇ. مەسىلەن: «مەن» «سەن» سۆزلىرىدىكى m، e، n،

تاۋۇشلىرىنى يەنە قايتا بۆلگىلى بولمايدۇ. بۇلار ئەڭ كىچىك تاۋۇش بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلشۇناسلىقتا بۇنى «تىل ئېلېمېنتلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئادەتتە بىز ئاڭلايدىغان بوغۇملارنىڭ ھەممىسى تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ قۇرۇلما قائىدىسى بىلەن بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

دۇنيادىكى تىللار نەچچە مىڭ خىل، ئىشلىتىلىدىغان تىل ئېلېمېنتلىرى بولسا چەكلىك. تىلشۇناسلىقتا ئادەتتە سۆزلىنىدىغان تىل ئېلېمېنتلىرى 200 ئەتىراپىدا. ئەمدى مەلۇم بىر كونكرېت تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ چەكلىك بولىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن تىل ئېلېمېنتلىرىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەڭ كىچىك تىل تاۋۇش بىرلىكىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

2. ترانسكرىپسىيە

تىل تاۋۇشلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىش ئۈچۈن تىل ئېلېمېنتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلەر بولۇشى زۆرۈر. ئادەتتىكى يېزىقنى ئىشلىتىش بۇ خىل بەلگە ئۈچۈن ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. تىل ئېلېمېنتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بەلگىلەر «ترانسكرىپسىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقىنى «خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىنى خەلقئارا فونېتىكا جەمئىيىتى 1888 - يىلى ئېكىتىپ بەلگىلەپ چىققان، شۇنىڭدىن باشلاپ قوللىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. خەلقئارالىق ترانكرىپسىيىنى

بېكىتىش پرىنسىپى بولسا «بىر تىل ئېلېمېنتى ئۈچۈن بىر ترانسكرىپسىيە ئىشلىتىش، بىر ترانسكرىپسىيە بىلەن بىر تىل ئېلېمېنتىنى ئىپادىلەش» تىن ئىبارەت. ئادەتتە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە قوللىنىلىدىغان بەلگە [ ] نىڭ ئىچىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن: [a]، [1]، [b]، [/] قاتارلىقلار. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاۋۇشلار دۇنيا بويىچە بىردەك، ئۇلارنى مەلۇم كونكرېت بىر تىلدىكى شەكلى ئوخشاش بولغان ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم (تۆۋەندە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە جەدۋىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىپادىلىنىش جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىپ بېرىلدى. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە جەدۋىلى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى. 37 - بەت).

3. تىل تاۋۇشلىرىنى قايسى جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىش كېرەك

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش، يەتكۈزۈلۈش ۋە ھېس قىلىپ بىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىسى بولىدۇ. بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. تىلنىڭ بۇ ئۈچ جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئارتىكۇلياتسىيە ئىلمى (تەلەپپۇزشۇناسلىق)، ئاكۇستىكا ۋە پسىخولوگىيىلىك فونېتىكىشۇناسلىق (ئاڭلاش سەزگۈسى فونېتىكىشۇناسلىق) تىن ئىبارەت ئۈچ خىل پەن تەرىپ-

# خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە

| تاۋۇش چىقىرىش ئورنى \ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى | | ئۈزۈلۈك: پارتلىغۇچى، جاراڭسىز: نەپەسسىز | ئۈزۈلۈك: پارتلىغۇچى، جاراڭسىز: نەپەسلىك | ئۈزۈلۈك: پارتلىغۇچى، جاراڭلىق: يەپەسسىز | ئۈزۈلۈك: پارتلىغۇچى، جاراڭلىق: نەپەسلىك | ئۈزۈلۈك: پارتلەخۇچى -، جاراڭسىز: نەپەسسىز | ئۈزۈلۈك: پارتلەخۇچى -، جاراڭسىز: نەپەسلىك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لەۋ تاۋۇشلىرى | قوش لەۋ تاۋۇشلىرى | p | p' | b | b' | | |
| | لەۋ-چىش تاۋۇشلىرى | | | | | pf | pf' |
| تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى | چىش ئارىلىقى | | | | | tθ | tθ' |
| | تىل ئۇچى ئالدى | | | | | ts | ts' |
| | تىل ئۇچى ئوتتۇرا | t | t' | d | d' | | |
| | تىل ئۇچى ئارقا | t | t' | d | d' | ts | ts' |
| تىل ئالدى تاۋۇشلىرى | | | | | | tl | tl' |
| تىل ئۇستى تاۋۇشلىرى | تىل ئۇستى ئالدى | t | t' | d | d' | te | te' |
| | تىل ئۇستى ئوتتۇرا | c | c' | ɟ | ɟ' | | |
| | تىل ئۇستى ئارقا (تىل تۇۋى) | k | k' | g | g' | | |
| كىچىك تىل تاۋۇشلىرى | | q | q' | 9 | G' | | |
| يۇتقۇنچاق تاۋۇشلىرى | | | | | | | |
| بوغۇز تاۋۇشلىرى | | ʔ | p' | | | | |

داۋامى

تاۋۇشلار

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سىيرىلاڭغۇ | جاراڭلىق | نەپەسسىز | | bv | dð | dz | | dz | dʒ | dz | | | | | |
| | | نەپەسلىك | | bv' | dð' | dz' | | dz' | dʒ' | dz' | | | | | |
| دىماق | جاراڭلىق | | m | m | | | n | η | | η | η | η | N | | |
| تىترەڭگۇ | جاراڭلىق | | | | | | r | | | | | | R | | |
| قايرىلما تىترەڭگۈچى | جاراڭلىق | | | | | | l | t | | | | | R | | |
| قوۋۇز | جاراڭلىق | | | | | | I | l | | | ʌ | (f) | | | |
| قوۋۇز-سىيرىلاڭغۇ | جاراڭسىز | | | | | | l | | | | | | | | |
| | جاراڭلىق | | | | | | k | | | | | | | | |
| سىيرىلاڭغۇ | جاراڭسىز | | Φ | f | θ | s | | s | lc | e | c | x | X | h | h |
| | جاراڭلىق | | B | v | ð | z | | z | ʒ | z | j | ɣ | R | ʕ | ʎ |

داۋامى

| سوزۇق تاۋۇشلار | يېرىم سوزۇق تاۋۇشلار جاراڭلىق | W ɥ | v | r | j(h) (W) | R |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار | | تىل ئۇچى سوزۇق تاۋۇشلىرى ئالدى ئارقا | تىل ئۈستى سوزۇق تاۋۇشلىرى ئالدى ئوتتۇرا ئارقا | |
| | يۇقىرى | y n n) (ɥ ɥ | | lɥ *lɥ* | i y  iʉ  ɯ u<br>I Y  ʊ | |
| | يۇقىرىراق | (θ o) | | | e θ  ə e  ɤ o<br>E  ə | |
| | تۆۋەنرەك | (ɑ ɔ) | | | ɛ ɑ  ɜ  ʌ ɔ<br>æ  ɐ | |
| | تۆۋەن | (ɒ) | | | a  ʌ  ɑ ɒ | |

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىپادىلىنىشى

| فونېمىلار (ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىشى) | ترانسكرىپسىيىسى | فونېمىلار (ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىشى) | ترانسكرىپسىيىسى |
|---|---|---|---|
| ئا | [ɑ] | ق | [q] |
| ئە | [ɛ] | ك | [k] |
| ب | [b] | گ | [g] |
| پ | [p] | ڭ | [ŋ] |
| ت | [t] | ل | [l] |
| ج | [dʒ] | م | [m] |
| چ | [tʃ] | ن | [n] |
| خ | [x] | ھ | [h] |
| د | [d] | ئو | [o] |
| ر | [r] | ئۇ | [u] |
| ز | [z] | ئۆ | ]Φ] |
| | | ئۈ | [y] |
| س | [s] | ۋ | [W] |
| ش | [ʃ] | ئې | [e] |
| غ | [R] | ئى | [i] |
| | | ي | [j] |

دىن ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تەرەققىيات جەريا- نىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈچ ھالقا، ئۈچ جەھەت، ئۈچ خىل پەننىڭ ھەممىسى تەبىئىي پەن بىلەن تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ چېگرىداش جايلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئەمەلىي تەجرىبە ۋاستى- لىرى لازىم بولىدۇ.

فىزىئولوگىيە، فىزىكا ۋە پسىخولوگىيە جەھەتلەردىكى تەتقىقات تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يەنە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ دەل ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىلدىكى رولى بولۇپ ھېساب- لىنىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئورگانلار چىقارغان فىزىكىلىق ئاۋازلار پەقەت تىلنىڭ مەنىنى ئىپادىلەشتىكى ماددىي ماتې- رىيالىدىن ئىبارەت. ھەر خىل تىللارنىڭ قايسى ماتېرى- ياللارنى ئىشلىتىشى، قانداق ئىشلىتىشىدە ئۆزلىرىنىڭ قائىدىلىرى بولىدۇ. بۇ، فونېمشۇناسلىق تەتقىق قىلىدى- غان تەرەپ. فونېمشۇناسلىق تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكى- لىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، تىلنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى جەھەتتىن تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات تىلنىڭ ئۆز تۈزۈلۈشىگە چېتىشلىق بولۇپ، بۇ تىلشۇناس- لىقنىڭ ئۆز دائىرىسىگە مەنسۇپ.

## ئاۋاز

### 1. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۆت ئامىلى

هەرقانداق ئاۋاز بىرخىل فىزىكىلىق هادىسىدۇر. بىز ئاڭلايدىغان ئاۋازلارنىڭ هەممىسى ئەتراپتىكى هاۋا زەررىچىلىرىنىڭ جىسىمنىڭ تەۋرىنىشى بىلەن هاسىل قىلىغان ئاۋاز دولقۇنىنىڭ قۇلاق پەردىمىزنى تىترىتىشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدۇر. جىسىمنىڭ تەۋرىنىشى بەك مۇرەككەپ بولىدۇ. بىز ساپ بولغان تەۋرىنىشنى مىسالغا ئالساق، «كامېرتون» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەسۋابنىڭ تەۋرىشى ساپ بولىدۇ. ئۇنىڭ تەۋرىشىنى تۆۋەندىكى سىخىما بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بۇ ئىككى دەۋرلىك دولقۇن بولۇپ، ئىككى قېتىملىق تەۋرىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. A، A′ بولسا «دولقۇن چوققىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، B، B′ بولسا «دولقۇن جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، AA′ ۋە BB′ «دولقۇن ئۇزۇنلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.




1- رەسىم

AC ۋە BD بولسا «ئامپلىتۇدا» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر سېكۇنتتا تەۋرىنىش قېتىم سانى «چاستوتا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئامپلىتۇدانىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. چاستوتىنىڭ ئاز -

كۆپلۈكى ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ (چاس-
توتىنىڭ بىرلىكى بولسا گېرتس دەپ ئاتىلىدۇ). تەۋرىنىش
ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئاۋاز چىقىرىش ۋاقتىنىڭ
ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئاۋاز، ئاۋاز ئېگىزلىكى،
ئاۋاز كۈچى، ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى ۋە ئاۋاز تېمبىرىدىن ئىبارەت
ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر خىل ئاۋازلار مۇشۇ
تۆت ئامىل ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.
بولۇپمۇ ئاۋاز تېمبىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئاۋازلارنى بىر-
بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتىكى تۈپكى ئامىل. تىل تاۋۇشلىرىمۇ
بىرخىل ئاۋازلاردۇر. ئۇلاردىمۇ بۇ تۆت خىل ئامىل بار.

1) ئاۋاز ئېگىزلىكى

ئاۋاز ئېگىزلىكى بولسا ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەۋرەنگۈچى جىسىمنىڭ چاستوتىسى ئارقىلىق
بەلگىلىنىدۇ، يەنى ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ بەلگىلىك
ۋاقىت ئىچىدىكى تەۋرەش سانى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.
ئادەم قۇلىقىنىڭ ئاڭلىيالايدىغان چاستوتا دائىرىسى
16 — 20 مىڭ گېرتس ئەتراپىدا بولىدۇ. تىل تاۋۇش-
لىرىدىكى ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ئادەمنىڭ تاۋۇش
پەردىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، قېلىن - نېپىزلىكى ۋە
چىڭ - بوشلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2) ئاۋاز كۈچى

ئاۋاز كۈچى بولسا ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئامپلىتۇدا ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. تاۋۇشنىڭ
كۈچلۈك - ئاجىزلىقى چىقىرىلغان ھاۋا ئېقىمى مىقدارىنىڭ
كۆپ - ئازلىقى ۋە تاۋۇش چىقارغان ۋاقىتتا ئىشلەتكەن

كۈچىنىڭ دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاۋۇش چىقار-
غاندا كۈچ چوڭ بولسا، ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈك بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن تاۋۇشمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەكسىچە بولغان-
دا ئاجىز بولىدۇ.

3) ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى

ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى بولسا ئاۋازنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاۋاز چىقارغۇچى ئەسۋابنىڭ تەۋرە-
شىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئارقىلىق
بەلگىلىنىدۇ. تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىنىڭ بەزى تىللاردا
مەنىنى پەرقلەندۈرۈش رولى بولىدۇ.

4) تېمبىر

تېمبىر بولسا ئاۋازنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، ساپاسىدۇر.
ئۇ ئاۋازلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسىي
ئامىل. ھەر خىل تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تېمبىرلىرىنىڭ ئەھ-
ۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ تىلدىكى فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلىش
فونېتىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. تېمبىر بولسا
ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ تەۋرىنىش شەكلى تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، كامېرتوننىڭ تەۋرىنىشى
بىلەن چىققان ئاۋاز دولقۇنىنىڭ چاستوتىسى مۇقىم ھەم
قائىدىلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئاۋاز ساپ ئاۋاز دەپ ئاتىلىدۇ.
لېكىن ئەمەلىي ئەھۋاللار ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بىز
ئادەتتە ئاڭلايدىغان ئاۋازلارنىڭ كۆپىنچىسى چاستوتىلىرى
ھەر خىل بولغان نۇرغۇن ساپ ئاۋازلاردىن تۈزۈلگەن
مۇرەككەپ دولقۇندىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە چاستوتىسى
ئەڭ تۆۋەن بولغان ساپ ئاۋاز ئاساسىي دولقۇن

(ئاساسىي ئاۋاز) دەپ ئاتىلىدۇ، قالغان ئاۋازلار گارمونىك دولقۇنلار (قوشۇمچە ئاۋازلار) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى مۇرەككەپ دولقۇنلاردىكى گارمونىك دولقۇنلارنىڭ چاستوتىلىرى بىلەن ئاساسىي دولقۇننىڭ چاستوتىسى ئوتتۇرىسىدا دائىم بىرخىل پۈتۈن ھەسسىلىك تاناسىپلىق مۇناسىۋەت ساقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇرەككەپ، لېكىن قائىدىلىك، قايتىلىنىدىغان دەۋرلىك بىرخىل دولقۇن شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇزىكىلىك ئاۋاز دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى مۇرەككەپ دولقۇنلاردىكى گارمونىك دولقۇنلارنىڭ چاستوتىلىرى بىلەن ئاساسىي دولقۇننىڭ چاستوتىسى ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن ھەسسىلىك تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا قالايمىقان، تەرتىپسىز ۋە قائىدىسىز بىرخىل دولقۇن شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ شاۋقۇن دەپ ئاتىلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن شاۋقۇن بولسا تېمبىر جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاۋاز. فونېتىكىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇزىكىلىق ئاۋازلاردۇر، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ مۇزىكىلىق ئاۋاز خاراكتېرىگە ئىگە، لېكىن ئۇلىڭدا بىرئاز شاۋقۇن تەركىبلىرى بولىدۇ. جاراڭسىز تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى شاۋقۇن بولىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئاۋاز ئېگىزلىكى ئاساسىي چاستوتا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تېمبىرى بولسا ئاساسەن گارمونىك دولقۇنلارنىڭ سانى، چاستوتىلىرى ۋە ئامپلىتۇدىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىككى ئاۋازنىڭ ئىككى خىل تېمبىرغا ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان گارمونىك دولقۇنلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشىدىندۇر. مەسىلەن:

پىئانىنودا ئاساسىي چاستوتىسى 100 گېرتسلىق ئاۋازنى چالغاندا ئۇ 15 گارمونىك دولقۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، كلارنېت ئوخشاش ئاساسىي چاستوتىدىكى ئاۋازنى چىقارغاندا، پەقەت توققۇز گارمونىك دولقۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، يەنە بۇ ئىككى تۈردىكى ئاۋازنىڭ ئىچى-دىكى ھەرقايسى گارمونىك دولقۇنلارنىڭ چاستوتىلىرى ۋە ئامپلىتۇدىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. گارمونىك دولقۇنلار-نىڭ سانى، چاستوتىلىرى، ئامپلىتۇدىلىرىنىڭ پەرقلىرى يەنە رېزوناتورلارنىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەمنىڭ رېزوناتورى بولسا ئېغىز بوشلۇقى، دىماغ بوشلۇقى ۋە بوغۇز بوشلۇقىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇنى رېزونانس بوشلۇقى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. تاۋۇش پەردىسىنىڭ تەۋرىنىشى بىلەن بىر ئاساسىي دولقۇن پەيدا بولىدۇ. ئاساسىي دولقۇننىڭ چاستوتىسى بولسا ئاساسىي چاستوتا دەپ ئاتىلىدۇ ( $F_1$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەر خىل ئوخشاشمىغان چاستوتىدىكى نۇرغۇن گارمونىك دولقۇن-لار ھاسىل بولىدۇ. بۇ گارمونىك دولقۇنلار رېزونانس بوشلۇقىدىن ئۆتكەندە، كۆپ قىسمى سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ ياكى تورمۇزلىنىپ قېلىنىدۇ، پەقەت بىر قىسمى سۈزۈلۈپ چىقىپ رېزونانس بوشلۇقىدىكى ھاۋانىڭ رېزونانسىنى قوزغايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۈچلىنىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاكوستىكىلىق تەھلىلىدە بۇ خىل رېزونانس تۈپەيلى كۈچەيگەن بىر دەستە گارمونىك دولقۇنلارنىڭ توپلىنىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئېگىز چوققا رېزونانس

چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇزىكىلىق تاۋۇشلاردا، رېزونانس چوققىسىنىڭ چاستوتىسى، ئامپلىتۇدى-سى ئوخشاش بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت رېزونانس چوققىسىنىڭ چاستوتا قىممىتى، ئامپلىتۇدا ئوخشاش بولمىسىلا، ئوخشاشمىغان ئاۋازلار شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، مۇزىكىلىق تاۋۇش-لارنىڭ تېمبىرى رېزونانس چوققىسى تەرىپىدىن بەلگى-لىنىدۇ. بىر مۇزىكىلىق تاۋۇشنىڭ بىرقانچە رېزونانس چوققىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىچىدە چاستوتىلىرى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئالدىدىكى ئىككى، ئۈچى ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ ($F_1$، $F_2$، $F_3$ بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ). پەقەت ئۇلارنىڭ چاستوتا قىممىتى ئېنىقلانسىلا ئاساسىي جەھەتتىن بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ تېمبىرىنى بېكىتىشكە بولىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ تېمبىر ئالاھىدىلىكىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال بار. ئۈزۈك تاۋۇش بولسا ھاۋا ئېقىمى-نىڭ ئاۋاز يولىدىن ئۆتكىنىدە، ھەر خىل ئوخشاش بول-مىغان توسالغۇغا ئۇچرىشى ۋە رېزونانس بوشلۇقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكلىنىڭ تەگىشىشى ۋە چەكلىشى بىلەن چىقىرىلغان تاۋۇشتۇر. شۇڭلاشقا توسالغۇنى شەكىل-لەندۈرگەن ئورۇن ۋە توسالغۇنى يېڭىش ئۇسۇلى ئۈزۈك تاۋۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئادەتتىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار مۇزىكىلىق ئاۋاز خاراكتېرى بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە شاۋقۇن تەركى-بىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلسىمۇ (چاستوتا سپېك-

تىرىدا رەتسىز سىزىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ). لېكىن يەنىلا سوزۇق تاۋۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭ رېزونانس چوققىسىنىڭ قىممىتىنى تېپىش چىققىلى بولىدۇ. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش پۈتۈنلەي شاۋقۇن خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تەۋرىشى بىلەن پەيدا بولمايدۇ. ئۇنىڭ سپېكتىرىدىكى ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى بولسا مۇئەييەن چاستوتا دائىرىسىدە قائىدىسىز، رەتلىك بولمىغان سىزىقلارنىڭ توپلىنىش ھادىسىسىدىن ئىبارەت. بۇ، شاۋقۇن ئېنېرگىيىسىنىڭ توپلاشقان رايونى ياكى كۈچلەنگەن چاستوتا رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنېرگىيىسىنىڭ توپلانغان رايونىنىڭ ئوخشاشمىغان چاستوتا ئورنىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قانداق ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئاۋازنىڭ فىزىكىلىق ئاكۇستىكا ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تېمبىرلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر ئاۋازنىڭ پەيدا بولۇشى جەھەتتىن تەھلىل قىلىنسا، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تېمبىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكلى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن بەلگىلىنىدۇ. (1) ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن تېمبىر ئوخشاش بولمايدۇ. تاۋۇش پەردىسىنىڭ تەۋرىشى بىلەن چىققان تاۋۇش بىلەن تاۋۇش پەردىسىنىڭ

تەۋرىمەسلىكى بىلەن چىققان تاۋۇشنىڭ تېمبىرلىرى ئوخشاش بولمايدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتىكى تاۋۇش پەردىسى چىقارغان تاۋۇشلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. (2) تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تېمبىرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: تاۋۇش چىقارغۇچى ئورگانلارنىڭ توسۇلۇپ قىلىشىدىن پارتلاپ چىققان تاۋۇش بىلەن تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى يوچۇقلاردىن سىقىلىپ چىققان تاۋۇش بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. (3) رېزونانس بوشلۇقىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمىغان تېمبىرنى ھاسىل قىلىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلار رېزوناتورىنىڭ شەكلى مۇقىم بولىدۇ. شۇڭلاشقا باشقا شەرتلەر ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ تېمبىرى ئۆزگەرمەيدۇ. ئادەمنىڭ رېزونانس بوشلۇقىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىنى لەۋ، چىش، يۇمشاق تاڭلاينىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن ئىختىيارىي ھالدا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل ئوخشاش بولمىغان تېمبىردىكى تاۋۇشلارنى چىقارغىلى بولىدۇ.

تىل ئېلېمېنتلىرى ئىنسانلار تىلىنى ئاۋاز تېمبىرى جەھەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ كىچىك تىل تاۋۇش بىرلىكىدۇر.

# تاۋۇش چىقىرىش

## 1. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى

تىل تاۋۇشلىرى ھەرقايسى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ قىلغان ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ. تاۋۇش چىقىرىش جەھەتتىن تىل تاۋۇشلىرىنى تەسۋىرلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل — ھەربىر تاۋۇشنى چىقارغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ قايسى قىسىملارنىڭ قاتنىشىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى بېكىتىۋېلىش كېرەك، يەنى ھەربىر تاۋۇشنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنى بەلگىلىۋېلىشى لازىم. بۇنى قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ پۈتۈن بىر قۇرۇلمىسى خۇددى بىر چالغۇ - ئەسۋابقا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ، ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ (ئۆپكە)، تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىم (تاۋۇش پەردىسى) ۋە رېزونانس بوشلۇقى (ئېغىز بوشلۇقى، دىماغ بوشلۇقى، يۇتقۇنچاق بوشلۇقى) دىن ئىبارەت. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلىدۇ:




2 - رەسىم

① ئۈستۈنكى لەۋ؛ ② ئاستىنقى لەۋ؛ ③ ئۈستۈنكى چىش؛
④ ئاستىنقى چىش؛ ⑤ چىش تۈۋى؛ ⑥ قاتتىق تاڭلاي؛ ⑦ يۇمشاق تاڭلاي؛
⑧ كىچىك تىل؛ ⑨ دىماغ بوشلۇقى؛ ⑩ ئېغىز بوشلۇقى؛ ⑪ يۇتقۇنچاق بوشلۇقى؛ ⑫ تىل ئۇچى؛ ⑬ تىل ئالدى؛ ⑭ تىل ئۈستى ئالدى؛
⑮ تىل ئۈستى كەينى (تىل تۈۋى)؛ ⑯ كېكىردەك كۆمۈرچىكى؛
⑰ قىزىلئۆڭگەچ؛ ⑱ كاناي؛ ⑲ ئاۋاز پەردىسى؛ ⑳ بوغۇز.

### 1) ئۆپكە

ئۆپكە ئادەم بەدىنىنىڭ كۆكرەك قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوڭ ـ سول ئىككى قاناتتىن تەركىب تاپقان. ئۇ ھەم تارىيالايدۇ، ھەم كېڭىيەلەيدۇ. ئۆپكە تارايغان ۋاقىتتا، ئىچىدىكى ھاۋا كاناي، بوغۇز ۋە يۇتقۇنچاق بوشلۇقى ئارقىلىق ئېغىز بوشلۇقى ياكى دىماغ بوشلۇقى بىلەن سىرتقا چىقىرىلىدۇ. بۇ، نەپەس چىقىرىش بولىدۇ. ئۆپكە كېڭەيگەن ۋاقىتتا ھاۋا سىرتتىن يۇقىرىدا دېيىلگەن يوللار ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىدۇ، بۇ نەپەس ئېلىش بولىدۇ. بىز

نەپەس چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ سۆزلەيمىز، ئافرىقىدىكى بەزى تىللاردا نەپەس ئىلىشتىن پايدىلىنىپمۇ تاۋۇش چىقىرىلىدۇ.

2) بوغۇز ۋە تاۋۇش پەردىسى

بوغۇز كۆمۈرچەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سىلىندىر شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپى كانايغا، يۇقىرى تەرىپى يۇتقۇنچاققا تۇتىشىدۇ. بوغۇزنىڭ سىرتقى قىسمى بۇغدىيەك دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر جۈپ تاۋۇش پەردىسى بار. تاۋۇش پەردىسى ئىككى پارچە نېپىز پەردىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 13 – 14 مىللىمېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى – كەينى تەرىپى كۆمۈرچەككە تۇتاشقان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشىدىغان يول «تاۋۇش يوچۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسكۇل ۋە كۆمۈرچەكلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تاۋۇش يوچۇقى ئېچىلىدۇ ياكى يېپىلىدۇ. مەسىلەن: بىز a، i، u ياكى m، n، l لارنى تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا تاۋۇش يوچۇقى يېپىلىدۇ، ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇنىڭدا تەۋرىنىش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوزۇق تاۋۇشلار (ساپ مۇزىكىلىق تاۋۇشلار)نى ۋە مۇزىكىلىق تاۋۇش تەركىبى بار بولغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلالايمىز. سۆزلىمىگەندە ياكى f، s قاتارلىق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش يوچۇقى ئېچىلىدۇ، ھاۋا ئېقىمى ئەركىن ئۆتىدۇ، تاۋۇش پەردىسىدە تەۋرىنىش پەيدا بولمايدۇ.

تاۋۇش پەردىسىنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرى




3 - رەسىم

① تاۋۇش يوچۇقى ھەم يېپىلغان، يۆتىلىش ئالدىدا ياكى يۆتقۇلۇق پارتىلىغۇچى تاۋۇش [؟] نى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى ھالىتى؛ ② تاۋۇش يوچۇقى ئۇلۇغ ئېچىلغان، ئادەتتىكى نەپەس ئالغان ۋاقىتتىكى ھالىتى؛ ③ تاۋۇش يوچۇقى يېپىلغان. پىچىرلاشقان ۋاقىتتىكى ھالىتى؛ ④ تاۋۇش يوچۇقى يېپىلغان، جاراڭلىق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى ھالىتى.

### 3) ئېغىز بوشلۇقى، دىماغ بوشلۇقى، يۇتقۇنچاق بوشلۇقى

ئېغىز بوشلۇقى يۇقىرى تاڭلاي ۋە تۆۋەن تاڭلايدىن تەركىب تاپقان. يۇقىرى تاڭلايدا يۇقىرى لەۋ، ئۈستۈنكى چىش، چىش تۈۋى، قاتتىق تاڭلاي، يۇمشاق تاڭلاي ۋە كىچىك تىل بار. چىش تۈۋى بولسا يۇقىرى تاڭلاينىڭ ئۇچىدىكى تومپىيىپ تۇرغان جاي، قاتتىق تاڭلاي بولسا يۇقىرى تاڭلاينىڭ ئالدىنقى تەرىپىدىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قىسمى. ئۇ، ئالدى تاڭلاي، ئوتتۇرا تاڭلاي ۋە ئارقا تاڭلاي دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ. يۇمشاق تاڭلاي بولسا يۇقىرى تاڭلاينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يۇمشاق

قىسمى. ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان كىچىك تىل بىلەن بىرگە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلىندلەيدۇ. تۆۋەن تاڭلايدا تۆۋەن لەۋ، تۆۋەن چىش ۋە تىل بار. تىل بولسا ئەڭ جانلىق ئورگان بولۇپ، تاۋۇش چىقىرىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تىلنىڭ ئۇچ تەرىپى تىل ئۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. تىل تەبىئىي يېيىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا تىلنىڭ چىش تۈۋىگە قارىمۇ قارشى تۇرغان قىسمى تىل ئالدى دەپ ئاتىلىدۇ، تىل ئالدىنىڭ كەينى قىسمى تىل ئۈستى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئالدى، ئوتتۇرا، ئارقا دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق تاڭلايغا قارىمۇ قارشى ھالدا تۇرغىنى تىل ئۈستى ئالدى ۋە تىل ئۈستى ئوتتۇرى-سى بولىدۇ. يۇمشاق تاڭلايغا قارىمۇ قارشى تۇرغىنى تىل ئۈستى كەينى بولىدۇ. تىل ئۈستى كەينى يەنە تىل تۈۋى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇتقۇنچاق ۋە بوغۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە كۆمۈرچەك بار بولۇپ، ئۇ كىكىردەك كۆمۈرچىكى دەپ ئاتىلىدۇ. نەپەس ئالغاندا ياكى سۆزلىگەندە، ئۇ ئېچىلىپ، ھاۋا ئېقىمى ئەركىن ھالدا كىرىپ چىقىدۇ، تاماق يېگەندە، ئۇ ئېتىلىپ قېلىپ، يېمەكلىك قىزىل ئۆڭگەچكە كىرىدۇ. يۇتقۇنچاق بوشلۇقىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىككى يول بولۇپ، بىرى ئېغىز بوشلۇقىغا تۇتىشىدۇ، يەنە بىرى دىماغ بوشلۇقىغا تۇتىشىدۇ. يۇمشاق تاڭلاي (كىچىك تىل بىلەن بىرگە) بولسا تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەن چۈشسە، دىماغ بوشلۇقىغا ئۆتىدىغان يول ئېچىلىپ، ئېغىز بوشلۇقىغا ئۆتىدىغان يول ئېتىلىدۇ. يۇمشاق تاڭلاي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بوغۇز

دىۋارىغا تاقىلىپ قالسا، دىماغ بوشلۇقىغا بارىدىغان يول توسۇلۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاۋا ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىدۇ. يۇتقۇنچاق بوشلۇقى ئىنسانلاردىلا بار.

ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى تاۋۇش پەردىسىدىن تارتىپ لەۋگىچە بولغان تەخمىنەن 170 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كانالچىغا جايلاشقان. تاۋۇش چىقارغاندا يۇتقۇنچاق ۋە ئېغىز بوشلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى رېزونانس بوشلۇقى شەكىللىنىدۇ، يەنە دىماغ بوشلۇقمۇ ئىچىلىشى مۇمكىن. ئېغىز بوشلۇقىدىكى تىلنىڭ ھەرىكىتى تېز ۋە جانلىق بولىدۇ. بۇنداق بىر قۇرۇلما بولغانلىقتىن، چىقىرالايدىغان تاۋۇشلارنىڭ تۈرى تەبىئىي ھالدا باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. مەسىلەن: لەۋ، تىل، يۇمشاق تاڭلاي، كىچىك تىل ۋە تاۋۇش پەردىسى قاتارلىقلار. بۇلار ئاكتىپ ئورگانلار دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئۈستۈنكى چىش، چىش تۈۋى، قاتتىق تاڭلاي قاتارلىقلار. بۇلار پاسسىپ ئورگانلار دەپ ئاتىلىدۇ. بىز سۆزلىگەندە دائىم ئاكتىپ ئورگانلارنى پاسسىپ ئورگانلارغا ئۇچراشتۇرۇپ ياكى يېقىنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ئوخشاشمىغان تاۋۇشلارنى چىقىرىمىز.

## ئىككى تۈر تىل ئېلېمېنتى

تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسەن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى» ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، قالغان ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۈزۈك تاۋۇشلاردۇر. سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك:

1. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىدۇ. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ باشقا قىسىملىرى ھېچقانداق توسالغۇ ھاسىل قىلمايدۇ. ھاۋا ئېقىمى بوغۇز بوشلۇقى ۋە ئېغىز بوشلۇقىدىن ئەركىن ھالدا ئۆتىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. ھاۋا ئېقىمى بۇ توسالغۇنى يېڭىپ ئاندىن تاۋۇش چىقىرالايدۇ.

2. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى تەكشى ھالدا جىددىيلىشىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، توسالغۇ ھاسىل قىلىدىغان ئورگانلار جىددىي ھالەتتە تۇرىدۇ.

3. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا

ئېقىمى توسالغۇغا ئۇچرىماي چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاجىزراق بولىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى مەلۇم بىر خىل توسالغۇنى يېڭىپ ئاندىن ئېغىز بوشلۇقى ياكى دىماغ بوشلۇقىدىن چىقىدۇ، شۇڭلاشقا ھاۋا ئېقىمى نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

### 1) سوزۇق تاۋۇشلار

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى رېزونانس بوشلۇق شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىندۇر. رېزونانس بوشلۇقلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئېغىز بوشلۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پەرقى ئېغىز بوشلۇقى شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىنىڭ شەكىل ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكى ئۈچ خىلدىن ئىبارەت: (1) ئېغىزنى چوڭ ياكى كىچىك ئېچىش، (2) تىلنى ئالدىغا سوزۇش ياكى كەينىگە تارتىش، (3) كالپۇكنى يۇمۇش ياكى تەكشى قىلىش. تىل تۆۋەن تاڭلاي بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. ئېغىز چوڭ ئېچىلسا، تىلنىڭ ئورنى تۆۋەن بولىدۇ. ئېغىز كىچىك ئېچىلسا، تىلنىڭ ئورنى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى، تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئالدى - كەينىلىكى ۋە كالپۇكنىڭ لەۋلىشىش - لەۋلەشمەسلىكىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكىشى ھەربىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەمبىرىنى بەلگىلەيدۇ.

ئادەتتە، تىلنىڭ سوزۇق تاۋۇشلارنى چىقىرىش ئورنى تۆۋەندىكى رەسىم بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. بۇ رەسىم سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىنى كۆرسىتىش رەسىمى دەپ ئاتىلىدۇ.




4 - رەسىم

تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى، X نۇر بىلەن تارتىلغان سۈرەتكە ئاساسەن سىزىلغان سەككىز ئاساسىي سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىنغان ۋاقىتتا تىلدا تۇتقان ئورۇنلىرى




5 - رەسىم

4 – رەسىم، 5 – رەسىمدىن كېلىپ چىققان. 4 – رەسىمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىچىدە سەككىزى ئەڭ ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە [i]، [a]، [u]، [a] لار بولسا، تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن، ئالدى، كەينى بولغان ۋاقىتتىكى ئەڭ چەتتىكى نۇقتىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلاردۇر. ئوڭ – سولدىكى ئىككى سىزىق بولسا تىل ئورنىنىڭ ئالدى كەينى چېكىنى ئىپادىلەيدۇ، يۇقىرى – تۆۋەندىكى ئىككى سىزىق بولسا تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەنلىكىنىڭ چېكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېغىز بوشلۇقىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ چىقىرىلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ھەممىسى بۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يەنە [i] دىن [a] غىچە ۋە [u] دىن [a] غىچە بولغان ئارىلىقنى تەڭ ئۈچكە بۆلسەك، يەنە تۆت سوزۇق تاۋۇشقا ئىگە بولىمىز: [e]، [ɛ]، [o]، [c] تىك سىزىقنىڭ سول تەرىپىدىكى تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن تاۋۇشلار دەپ، ئوڭ تەرىپىدىكى لەۋلەشكەن تاۋۇشلاردۇر. بۇ سەككىز سوزۇق تاۋۇش ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنىنى بېكىتىشنىڭ كوردىناتى بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم بىر سوزۇق تاۋۇشنى بۇ ئاساسىي تاۋۇشنىڭ يۇقىرىراقىدا، تۆۋەنرەكىدە، ئالدىراقىدا، كەينىرەكىدە، لەۋلەشكەنرەك، لەۋلەشمىگەنرەك دېيىشىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئۆگىنىۋېلىش بەك مۇھىم.

سوزۇق تاۋۇشلارنى تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەن بولۇشىغا، ئالدى – ئارقا بولۇشىغا، لەۋنىڭ لەۋلىشىش – لەۋلەشمەسلىكىگە ۋە يۇمشاق تاڭلاينىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ياكى تۆۋەنلىشىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ياكى
ئېغىزنىڭ ئېچىلىشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن سوزۇق
تاۋۇشلارنى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش، يۇقىرى ئوتتۇرا
سوزۇق تاۋۇش، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئەڭ
تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.
ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىلماق»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى
yi (衣) (كىيىم)، رۇس تىلىدىكى OHN (ئۇلار) لاردىكى
[i]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۈچ»، دىكى [y]، ئۇيغۇر تىلىدىكى
«ئۇچماق»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى gu (ھامماچا)،
ئىنگلىز تىلىدىكى do (قىلماق) لاردىكى [u] لارنىڭ
ھەممىسى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. ئۇيغۇر
تىلىدىكى «ئېنىق»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى [pe]
(杯) (ئىستاكان) لاردىكى [e]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆتمەك»
دىكى [φ]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگەي»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇا-
سىدىكى mo (摸) (سىلىماق)، ئىنگلىز تىلىدىكى
November (نويابىر) لاردىكى [o] لارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى
ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدى-
كى ye (夜) (كېچە)، ئىنگلىز تىلىدىكى fair (گۈزەل)
لاردىكى [ɛ]، ئىنگلىز تىلىدىكى but (لېكىن) دىكى [ʌ]،
all (بارلىق) دىكى [ɔ] لارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن، ئوتتۇرا
سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى an
(安) (خاتىرجەم)، رۇس تىلىدىكى Kora (قاچان) دىكى
[a] خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى a (阿) (ھە)
دىكى [A]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاق»،
خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى ang (帮) (ياردەملەشمەك)،
ئىنگلىز تىلىدىكى father (دادا) دىكى [a] لارنىڭ

ھەممىسى ئەڭ تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ.

(2) تىل ئورنىنىڭ ئالدى - ئارقا بولۇشىغا ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە تىل ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇشلىرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. 4 - رەسىم سول تەرەپتىكى تىك سىزىق ئۈستىدىكى تاۋۇشلار بولسا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر، ئوڭ تەرەپتىكى تىك سىزىق ئۈستىدىكى تاۋۇشلار بولسا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر. ئوتتۇرىدىكى تىك سىزىق ئۈستىدىكى تاۋۇشلار تىل ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىز، رۇس تىلىدىكى MH (بىز) لاردىكى [ɨ]، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى de (的) دىكى [ə] لەرنىڭ ھەممىسى تىل ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر.

(3) لەۋنىڭ لەۋلىشىش ۋە لەۋلەشمەسلىكىگە ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: [y]، [Y]، [ɸ]، [φ]، [ʉ]، [u]، [ɷ]، [o]، [ɔ] قاتارلىقلار. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: [i]، [I]، [e]، [E]، [ɛ]، [φ]، [æ]، [ɯ]، [ɤ]، [Λ] قاتارلىقلار.

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئومۇمەن ئۆزئارا مۇناسىپ ھالدا جۈپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: [i]: [y]، [e]: [ɸ]: [ɛ]: [φ]: [A]: [ɔ]: [ɯ]: [u] قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى تىل ئۈستى سوزۇق تاۋۇشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(4) تىل ئۇچى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى، تىل ئۇچى ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە قايرىما تىل سوزۇق تاۋۇشلىرى تىل ئۇچىنىڭ ھالىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان سوزۇق تاۋۇشلارنى، تىل ئۇچى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى ([ɿ] [ɥ])، تىل ئۇچى ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى ([ʅ] [ɥ])، قايرىما تىل سوزۇق تاۋۇشلىرى ([əɪ] [aɪ] [ɹɪ] [ɔɪ]) دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(5) يۇمشاق تاڭلاينىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە تۆۋەنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېغىز سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە دىماغ سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەلەپپۇز قىلغاندا، يۇمشاق تاڭلاي ۋە كىچىك تىل بىرگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ دىماغ بوشلۇقىغا ئۆتىدىغان يولنى توسۇۋېلىپ، ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن ئۆتسە، بۇنداق سوزۇق تاۋۇشلار ئېغىز سوزۇق تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمى ھەم ئېغىز بوشلۇقىدىن، ھەم دىماغ بوشلۇقىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئۆتسە، مۇنداق سوزۇق تاۋۇشلار دىماغلاشقان سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. دىماغ سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ئۈستىگە [˜] بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىنىڭ شائخەي دىئالېكتىدىكى «冷» (سوغۇق)، «生» (تۇغۇلماق، خام) لاردىكى [ã] بولسا دىماغلاشقان سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ.

تۆۋەندە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ۋە لەۋ ھالىتىگە ئاساسەن بۆلۈنۈش جەدۋىلى بېرىلدى.

# سوزۇق تاۋۇشلار جەدۋىلى

| ئېغىز ئېچىلىشى | تىلنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى | لەۋ ھالىتى / تىل ئالدى-كەينى / تۈرى | تىل ئۈچى سوزۇق تاۋۇشلىرى | | | | | تىل ئۈستى سوزۇق تاۋۇشلىرى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئالدى — ئارقا | | | | | ئالدى | | ئوتتۇرىسى | | | ئارقا | |
| | | | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | ئارا | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | ئارا | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن |
| يېپىق | يۇقىرى | ئەڭ يۇقىرى | ɿ | ʮ | ɭ | | ʯ | i | y | ɨ | | ʉ | ɯ | u |
| | | يۇقىرى | | | | | | I (ɪ) | Y | | | | | ʊ |
| يېرىم يېپىق | ئوتتۇرا | يۇقىرى ئوتتۇرا | | | | | | e | Φ | ɘ | | ɵ | Y | O |
| | | دەل ئوتتۇرا | | | | ɚ | | E | | | ə | | | |
| يېرىم ئوچۇق | | تۆۋەن ئوتتۇرا | | | | | | ɛ | œ | ɜ | | ɞ | ʌ | ɔ |
| ئوچۇق | تۆۋەن | تۆۋەن | | | | | | æ | | | ɐ | | | |
| | | ئەڭ تۆۋەن | | | | | | | | | A | | ɑ | ɒ |

## 2) ئۈزۈك تاۋۇشلار

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ھاۋا ئېقىمى بەلگىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ خىل توسالغۇنى يەڭگەندىن كېيىن تاۋۇش چىقىرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى توسالغۇغا ئۇچرايدىغان ئورۇن «تاۋۇش چىقىرىش ئورنى» بولىدۇ. توسالغۇنى شەكىللەندۈرۈش ۋە يېڭىش ئۇسۇلى «تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئامىلنىڭ بىرىكىشى ھەربىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ تىمبىرىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئورنىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

a. تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) پارتلىغۇچى تاۋۇشلار. تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاكتىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورگىنى پاسسىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورگىنىغا جىپسىلىشىپ، پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قېلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ھاۋا ئېقىمى

پارتلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «پۇختا»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى bā (巴) (چاپلاشماق)، ئىنگلىز تىلىدىكى speak (سۆزلەش)، رۇس تىلىدىكى ПАРТА (پارتا) لاردىكى [cp]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاشلىماق»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى dǎ ( 打 ) (ئۇرماق)، ئىنگلىز تىلىدىكى story (ھېكايە) لاردىكى [t] لارنىڭ ھەممىسى پارتلىغۇچى تاۋۇشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) دىماغ تاۋۇش. تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز بوشلۇقىدىكى مەلۇم ئورۇن خۇددى پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاش توسۇلۇپ قالىدۇ، يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەنلەيدۇ، ھاۋا ئېقىمى دىماغ بوشلۇقىدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايسا»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى mā (妈) (ئانا)، رۇس تىلىدىكى MaTb (ئانا)، ئىنگلىز تىلىدىكى man (ئادەم) لاردىكى [m]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «چوڭ»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى dōng (东) (شەرق)، ئىنگلىز تىلىدىكى sing (ئېيتماق) لاردىكى [ŋ] بولسا دىماغ تاۋۇش بولىدۇ.

(3) تىترەڭگۈ تاۋۇشلار. تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچى ياكى كىچىك تىل ھاۋا ئېقىمىنىڭ سوقۇشىغا ئۇچراپ ئۈزلۈكسىز تىترەيدۇ. ھاۋا ئېقىمى بىردەم توسۇلۇپ قالىدۇ، بىردەم راۋان ئۆتىدۇ، بىر خىل ھالەت تېز سۈرئەتتە بىر-قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ خۇددى تىزما ئۈزلۈكسىز چىققان پارتلىغۇچى تاۋۇشلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر تىلىدىكى «روناق»، رۇس تىلىدىكى Родина (ۋەتەن) لاردىكى [r] بولسا تىل ئۇچى تىترەڭگۈ تاۋۇش بولىدۇ. فرانسۇز تىلىدىكى rose (ئەتىرگۈل) دىكى [R] بولسا كىچىك تىل تىترەڭگۈ تاۋۇشى بولىدۇ.

(4) قايرىلما تىترىگۈچى تاۋۇشلار. قايرىلما تىترىگۈچى تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى تىترەڭگۈ تاۋۇشلار بىلەن ئوخشاش. ئوخشاشمايدىغان جايى شۇكى تىل ئۇچى، كىچىك تىل تېز ۋە يېنىك هالدا پەقەت بىر قېتىملا تىترەپ توختايدۇ، ئۈزلۈكسىز هالدا تىترىمەيدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدىكى very (ناهايىتى) دىكى [r] تاۋۇش.

(5) سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار. تەلەپپۇز قىلىغاندا ئاكتىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورگىنى پاسسىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورگىنىغا تېگىپ ياكى يېقىنلىشىپ بىر يوچۇق هاسىل قىلىدۇ، هاۋا ئېقىمى بۇ يوچۇقتىن سىقىلىپ هەم سۈركىلىپ چىقىپ تاۋۇش هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ساپ»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى sū (苏) (تىرىلمەك) لاردىكى [s] ئۇيغۇر تىلىدىكى «شاخ»، ئىنگلىز تىلىدىكى she [ئۇ (ئايالنى كۆرسىتىدۇ)]، رۇس تىلىدىكى шар (شار) لاردىكى [ʃ] قاتارلىقلار.

(6) قوۋۇز تاۋۇشلىرى. تەلەپپۇز قىلىغاندا تىلنىڭ مەلۇم قىسمى چىش تۈۋى ياكى قاتتىق تاڭلايغا تېگىپ، ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ياكى بىر تەرىپىدە توسالغۇ هاسىل قىلىدۇ، هاۋا ئېقىمى تىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ياكى بىر تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «لىق»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى lā (拉) (تارتماق)،

ئىنگلىز تىلىدىكى lake (كۆل)، رۇس تىلىدىكى лампа (لامپا) لاردىكى [l].

(7) يېرىم سوزۇق تاۋۇشلار. تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئېغىز- نىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى سىيرىلىدىغان تاۋۇشلارغا قارىغاندا سەل چوڭراق بولىدۇ. ھاۋا ئېقىمى ئاجىزراق بولۇپ، سۈر- كىلىش تەركىبى ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ. تەلەپپۇز قىلىنغان تاۋۇش، سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل تاۋۇش بولىدۇ، يەنى يېرىم سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەر»، ئىنگلىز تىلىدىكى year (يىل) لاردىكى [j]، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ۋاقىت»، ئىنگلىز تىلىدىكى wait (كۈتمەك) لاردىكى [w] قاتارلىقلار.

(8) پارتلىغۇچى - سىيرىلىدىغان تاۋۇشلار. بۇ تاۋۇش ئالدى بىلەن پارتلاپ، ئاندىن سىيرىلىپ چىقىدىغان، پارتلاش بىلەن سىيرىلىش بىرلىشىپ ھاسىل قىلىدىغان تاۋۇش، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مەلۇم ئىككى قىسمى توسالغۇ پەيدا قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى ئۆتىدىغان يول پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالىدۇ، توسالغۇنى يېڭىش باسقۇچىدا يوچۇق ھاسىل بولۇپ، ھاۋا ئېقىمى بۇ يوچۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «چاچ» دىكى [tʃ]، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى jū (居) (تۇرماق) دىكى (tɕ) قاتارلىقلار.

يۇقىرىدىكى سەككىز تۈر، توسالغۇنىڭ شەكىللىنىشى

ۋە تۇسالغۇنى يېڭىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئايرىپ چىقىلغان.

(9) جاراڭسىز تاۋۇشلار ۋە جاراڭلىق تاۋۇشلار. تەلەپپۇز قىلىنغاندا تاۋۇش پەردىسىنىڭ تەۋرەش ۋە تەۋرىمەسلىكىگە ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. جاراڭلىق تاۋۇشلاردىن، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «باش»، ئىنگلىز تىلىدىكى b̲ay (دېڭىز قولتۇقى)، رۇس تىلىدىكى ə̲ащня (مۇنار) لاردىكى [b] ئۇيغۇر تىلىدىكى «دادا»، ئىنگلىز تىلىدىكى d̲ay (كۈن)، رۇس تىلىدىكى дом (ئۆي) لاردىكى [d] قاتارلىقلار. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «پالتا»، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى 巴 (b̲ā) (چاپلاشماق) لاردىكى [p] قاتارلىقلار.

(10) نەپەسلىك ۋە نەپەسسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار. نەپەسلىك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ، بوغۇز قىسمىدا يېنىك سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ. ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىپادىلىگەندە، نەپەسسىز تاۋۇشنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ئوڭ يۇقىرى تەرىپىنىڭ بۇلۇڭىغا «h» ياكى «'» بەلگىسى قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى P̲ā (怕) (قورقماق) دىكى [pʰ]، t̲à (他) (ئۇ) دىكى [t'] قاتارلىقلار.

b. تاۋۇش چىقىرىش ئورنىغا ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) قوش لەۋ تاۋۇشلىرى. ئۈستۈلكى ۋە تۆۋەلكى لەۋ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

(2) لەۋ - چىش تاۋۇشلىرى. تۆۋەنكى لەۋ ئۈستۈنكى چىشقا يېقىنلىشىپ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

(3) چىش ئارىلىقى تاۋۇشلىرى. تىل ئۇچىنى ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى چىشنىڭ ئارىسىغا قويۇپ چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(4) تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشلىرى. تىل ئۇچىنى ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى چىشنىڭ ئارقىسىغا تەگكۈزۈپ چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(5) تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشلىرى. تىل ئۇچىنى چىش تۈۋىگە تەگكۈزۈپ چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(6) تىل ئۇچى ئارقا تاۋۇشلىرى. تىل ئۇچىنى ئالدى تاڭلايغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(7) تىل ئالدى تاۋۇشلىرى. تىل ئالدى ئالدى تاڭلايغا يېقىنلىشىپ، لەۋ ئالدى تەرەپكە سەل چىقىش بىلەن چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(8) تىل ئۈستى ئالدى تاۋۇشلىرى. تىل ئۈستىنىڭ ئالدى قىسمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئالدى تاڭلايغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(9) تىل ئۈستى ئوتتۇرىسى تاۋۇشلىرى. تىل ئۈستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاتتىق تاڭلايغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(10) تىل ئۈستى ئارقا تاۋۇشلىرى (تىل تۈۋى

تاۋۇشلىرى). تىل ئۇۋى كۆتۈرۈلۈپ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(11) كىچىك تىل تاۋۇشلىرى. تىل ئۇستى ئارقا قىسمى كىچىك تىلغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق چىقىرىلغان تاۋۇشلار.

(12) يۇتقۇنچاق تاۋۇشلىرى. تەلەپپۇز قىلغاندا، يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى تارتىلىپ، تىل ئۇستى ئارقىسى يۇتقۇنچاق دىۋارىغا يېقىنلىشىپ، ھاۋا ئېقىمىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇش بىلەن ھاسىل بولغان تاۋۇشلار.

(13) بوغۇز تاۋۇشلىرى. تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش يوچۇقى ھەم يېپىلىپ ئاندىن تۇيۇقسىزدىن ئېچىلىش ئارقىلىق ياكى تاۋۇش يوچۇقىدا بىر كىچىك تار يول قالدۇرۇش بىلەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ سۈركىلىپ ئۆتۈشى ئارقىلىق پەيدا بولغان تاۋۇشلار.

### c. ئۈزۈك تاۋۇشلار جەدۋىلى

ھەربىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئۆزىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش ئورنى بولىدۇ. بىز بۇ ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەسۋىرلەپ بېرىشىمىز كېرەك (مەسىلەن، [p]. تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا نەپەسسىز بولغان جاراڭسىز پارتلىغۇچى تاۋۇش. تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا قوش لەۋ تاۋۇشى بولىدۇ. بۇ تاۋۇشنى ئومۇميۈزلۈك تەسۋىرلىسەك مۇنداق بولىدۇ: [p] بولسا بىر قوش لەۋ، نەپەسسىز

# ئۈزۈك تاۋۇشلار جەدۋىلى

| تاۋۇش چىقىرىش ئورنى / تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى | | قوش لەۋ | لەۋ — چىش | چىش ئارىلىقى | تىل ئۇچى ئالدى | تىل ئۇچى ئارقىسى | تىل ئالدى | تىل ئۈستى ئالدى | تىل ئۈستى ئوتتۇرىسى | تىل ئۈستى ئارقىسى (تىل تۈۋى) | كىچىك تىل | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭسىز | p' p' | | | t, t' | | | | | k, k' | | |
| | جاراڭلىق | b | | | d | | | | | g | | |
| دىماغ تاۋۇشلىرى | جاراڭلىق | m | | | n | | | | | Ŋ | | |
| سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | جاراڭسىز | Φ | f | θ | s | S | l | G | G | x | x | h |
| | جاراڭلىق | | v | ə | z | ʐ | ʒ | | | | | |
| پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | جاراڭسىز | | | | ts,ts' | ts,ts' | tl,tl' | t, c, t, c' | | | | |
| | جاراڭلىق | | | | | | dʒ | | | | | |
| تىترەڭگۈ تاۋۇشلار | جاراڭلىق | | | | r | | | | | | R | |
| قايرىلما تىترەڭگۈچى تاۋۇش | جاراڭلىق | | | | ɾ | | | | | | | |
| [illegible] | جاراڭلىق | | | | l | | | | | | | |

**ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى چىقىرىش ئورنى ۋە چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۆلۈنۈشىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەل قوشۇمچە قىلىپ بېرىلدى**

| تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى \ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى | | قوش لەۋ | لەۋ - چىش | تىل ئۇچى ئالدى | تىل ئۇچى ئوتتورىسى | تىل ئالدى | تىل ئۇستى ئوتتورىسى | تىل ئۇستى ئارقىسى | كىچىك تىل | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭسىز | p′ | | | t′ | | | k′ | q′ | |
| | جاراڭلىق | b | | | d | | | g | | |
| پارتلىغۇچى - سىيرىلغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭسىز | | | | | tʃ′ | | | | |
| | جاراڭلىق | | | | | dʒ | | | | |
| سىيرىلغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭسىز | | f | s | | ʃ | | | x | h |
| | جاراڭلىق | | (v) | z | | ʒ | | | ʁ | |
| دىماغ تاۋۇشلىرى | جاراڭلىق | m | | | n | | | ŋ | | |
| تىترەڭگۈ تاۋۇش | جاراڭلىق | | | | r | | | | | |
| قوۋۇز تاۋۇشى | جاراڭلىق | | | | l | | | | | |
| يېرىم سوزۇق تاۋۇش | جاراڭلىق | w | | | | | j | | | |

بولغان جاراڭسىز پارتلىغۇچى تاۋۇش. باشقا تاۋۇشلارغىمۇ نىسبەتەن مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىشاق بولىدۇ).
ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە ئەستە تۇتۇۋېلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بىز تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئورنىنى ئىككى كوردىنات قىلىپ، ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىمىز.

## فونېما

فونېما — كونكرېت بىر تىلدا سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان ئەڭ كىچىك فونېتىك بىرلىك. ئۇ شۇ تىلدىكى تىل ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىنىڭ ماتېرىيالى قىلىدۇ. فونېمىلارنى قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بېكىتىپ چىقىشقا بولىدۇ. قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتى تىلدىكى تاۋۇش بىلەن تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى خىل مۇھىم مۇناسىۋەت بولۇپ، بىزنىڭ بىر تىل ئېلېمېنتىنىڭ كونكرېت بىر تىلدا ئوينايدىغان رولىنى تەكشۈرۈشىمىزنىڭ ئاساسى. ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان تىل ئېلېمېنتلىرى، مەسىلەن، خەنزۇ تىلدىكى [p] ۋە [pʻ]، ئۇيغۇر تىلدىكى [pʻ] ۋە [b] لارنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىنى

پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇلار ئوخشاش بولمىغان تىل تاۋۇش بىرلىكلىرى قىلىپ قوللىنىلىدۇ. ئۆزئارا ئوخشىشىپراق كېلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان تىل ئېلېمېنتلىرى، مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى [a] [A] [a]، ئىنگلىز تىلىدىكى [p] [pʻ]، ئۇيغۇر تىلىدىكى [l] [ɨ] لار ئۆزئارا سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ. بۇلار بىر خىل تاۋۇش بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان تىل ئېلېمېنتلىرى سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتى فونېمىلارنى ئايرىشتىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مورفېما سۆزلەر تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن تىل بەلگىلىرى بولغانلىقتىن، ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان تىل ئېلېمېنتلىرى فونېتىك شەكىللەرنى پەرقلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تەبىئىي تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، مورفېما ۋە سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىمۇ پەرقلەندۈرىدۇ. فونېمىلارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق بىر سۆز (ياكى مورفېما) نى تاللىۋېلىپ، داۋاملىق ھالدا بۇ سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى بىر تاۋۇشنى ئالماشتۇرغاندا، بۇ سۆزنىڭ باشقا بىر سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىش-كەتمەسلىكىگە قاراش كېرەك. ئەگەر ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان تاۋۇشلارنىڭ سۆزنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش رولى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولىدۇ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا فونېما بېكىتىش كېرەك. مەسىلەن، تۆۋەندىكى (a)

-خېمىدىكى «كەت» سۆزىنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى [t] تىل ئېلېمېنتىنىڭ ئورنىغا [l]، [m]، [s]، [z] دىن ئىبارەت ئېلېمېنتلىرىنى ئالماشتۇرساق، باشقا - باشقا سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بولۇپ قالىدۇ:




(a) (b)

شۇنىڭ ئۈچۈن [t]، [l]، [m]، [s]، [z] تىل ئېلېمېنتلىرىنى |t|، |l|، |s|، |z| دىن ئىبارەت فونېمىلار قىلىپ بېكىتىمىز (| | بەلگىسى فونېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ). (b) سخېمىنىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلساق بولىدۇ. مەلۇم بىر تىلدىكى فونېما مەخسۇس بەلگىلەنگەن بىر سىستېمىنىڭ ئەزاسى. ھەربىر فونېما بۇ سىستېمىدىكى باشقا فونېمىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىنىپ چىقىلىدۇ.

ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدىكى ئوخشىشىپراق كېتىدىغان تىل ئېلېمېنتلىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەس، يەنى ئۇلار سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەن-

دۈرۈش رولىنى ئوينىمايدۇ، ئۇلارنى بىز بىر فونېما قىلىپ يىغىنچاقلايمىز. بۇنداق قىلغاندا، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدىكى ھەرقايسى تىل ئېلېمېنتلىرىنى بىر فونېمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى ۋەكىلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇلار بىر فونېمىنىڭ ئوخشاشمىغان ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلارنى بىز بىر فونېمىنىڭ «ۋارىيانتلىرى» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى [a] [A] [a] لار |a| فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولىدۇ (قايسى خىل ۋارىيانتنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى فونېمىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئېلىشتا، بۇ خىل ۋارىيانتنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى يېزىشقا قولايلىق بولۇشى ۋە ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىنگەن ترانسكرىپسىيىسى قاتارلىق جەھەتلەر نەزەرگە ئېلىنىدۇ). ئۇيغۇر تىلىدىكى [ɨ] [i] لار |i| فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى [p] [pʻ] لار |p| فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولىدۇ.

فونېمىلارنى بېكىتكەندە، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن تاۋۇشلارنىڭ يېقىنلىقى پرىنسىپىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. «تاۋۇش يېقىنلىقى» مۇھىمى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، ئۇسۇلى، تىل ئورنى، لەۋ شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نىسبەتەن يېقىنلىقنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس. پەقەت مەلۇم بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاڭلىشىچە، يېقىنلىق بارلىقى ھېس قىلىنسىلا بولىدۇ. مەسىلەن: نەپەسلىك ۋە نەپەسسىز تاۋۇشلار، خەنزۇلارنىڭ ئاڭلىشى بويىچە ئۇلاردا پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ئەمدى ئۇيغۇرلار،

ئىنگلىزلارنىڭ ئاڭلىشى بويىچە ئۇلاردا ناھايىتى يېقىنلىق بارلىقى ھېس قىلىنىدۇ. بىر قانچە ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدىكى ۋارىيانتلار پەقەت تاۋۇش جەھەتتە يېقىنلىق شەرتى ئاستىدىلا ئاندىن بىر فونېما قىلىپ يىغىنچاقلىنىدۇ. بىر قانچە تىل ئېلېمېنتلىرى گەرچە ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە بولسىمۇ، لېكىن تاۋۇش جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقى بەك چوڭ بولۇپ، ئۇلارنى باشقا تىل ئېلېمېنتلىرى-دىن پەرقلەندۈرىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولمايدۇ. كىشىلەر تاۋۇش سېزىمى جەھەتتىن ئەزەلدىن ئۇلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ كەلگەن، مۇنداق بولغاندا ئۇلارنى بىر فونېما قىلىپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان فونېمىلار دەپ بېكىتىش كېرەك. مەسىلەن: خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى [f] ۋە [ŋ] لار بولسا ئۆز-ئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ، [f] بولسا پەقەت بوغۇمنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدۇ، [ŋ] بولسا پەقەت بوغۇم-نىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولىدۇ، لېكىن تېمبىر جەھەتتە ئۇلار-نىڭ پەرقى چوڭ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئوخشاش بول-مىغان فونېما بولۇشى كېرەك.

بەزى فونېمىلارنىڭ ۋارىيانتلىرى فونېتىك شارائىت-نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا تەس بولىدۇ. مۇنداق ۋارىيانتلار فونې-مىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى [f] بولسا |i| فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى بولىدۇ. (ياخشى [jaχ/i]، فونېمىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتىنى

يالغۇز ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ بېكىتىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يەنە تاۋۇش جەھەتتىكى يېقىنلىقى بولۇشى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقىنى پەيدا بولىدىغان شارائىتقا قاراپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەرت ھازىرلانمىسا، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئوخشاش بولمىغان فونېما بولىدۇ.

بەزى تىللاردا ياكى دىئالېكتلاردا، ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان بىرقانچە تىل تاۋۇشلىرى ئۆزئارا ئالمىشىپ قوللىنىلىدۇ، سۆزنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىمايدۇ. بۇ خىل فونېما ۋارىيانتلىرى فونېتىك چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلغاندىمۇ، سۆزنىڭ مەنىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ. بۇ خىل ۋارىيانتلار، فونېمىنىڭ ئەركىن ۋارىيانتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى دىئالېكتلاردا [g] بىلەن [w] نىڭ (جوۋا [dʒuwa] — جوگا [dʒuga])، [j] بىلەن [r] نىڭ (رايون [rujon] — يايون [jajan])، [ʒ] بىلەن [j] نىڭ (ژۇلتۇز [ʒultuz] — يۇلتۇز [jultuz] ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن فونېما بولسا تىل ئېلېمېنتلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ، تېمبىر نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىپ چىقىرىلغان، شۇڭلاشقا بۇ خىل فونېما تېمبىرلىق فونېما دەپ ئاتىلىدۇ. فونېتىكىدا تېمبىرلىق فونېمىلاردىن باشقا يەنە تاۋۇش ئېگىزلىكى، تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش ئۇزۇنلۇقىمۇ تىل بىرلىكلىرىنىڭ فونېتىك شەكلىنى پەرقلەندۈ-

رىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىرلىكلەرنىڭ مەنىسىمۇ پەرقلىنىدۇ.
بۇلارمۇ فونېما شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل سۆزنىڭ فونېتىك
شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان تاۋۇش ئېگىز
لىكى، تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى غەيرىي تېمبىر-
لىق فونېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى
«تون» (تاۋۇش ئېگىزلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ)، [妈
(mā) (ئانا)، 麻 (má) (كەندىر)، 马 (mǎ) (ئات)، 骂
(mà) (تىللىماق)]، رۇس تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى
«ئۇرغۇ» (ئاساسلىقى تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى
تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ)، [رۇس تىلىدىكى MykA' (ئازاب
ئوقۇبەت)، My'kA (ئۇن)]، ئىنگلىز تىلىدىكى co'mmune
(سۆھبەتلەشمەك)، 'commune (كوممۇنا)]، ئىنگلىز
تىلىدىكى فونېتىك مۇددەت (تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش
ۋاقتىنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدۇ [bi:t/beat/ (ئۇرماق)، bit/bit/ (بىرئاز)].

تون، ئۇرغۇ، فونېتىك مۇددەتلەرنىڭ ھەممىسى غەيرىي
تېمبىرلىق فونېمىلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ سانى ۋە ئۆز
ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ھەرقايسى تىللاردا ياكى شۇ
تىللارنىڭ دىئالېكتلىرىدا ئوخشاش بولمايدۇ.

## پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك

تىلدىكى فونېمىلار ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغانلىق-
تىن، سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ

تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىسىمۇ پەرقلىنىدۇ. ئەگەر فونېمىلار ئارىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىنسا، بۇلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتە بىر ياكى بىرقانچە پەرقلىنىش ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى |b| |p| |t| |k| |m| لار:

|b| قوش لەۋ پارتلىغۇچى جاراڭلىق

|p| قوش لەۋ پارتلىغۇچى جاراڭسىز

|t| تىل ئۇچى پارتلىغۇچى جاراڭسىز

|k| تىل ئۈستى پارتلىغۇچى جاراڭسىز

|m| قوش لەۋ دىماغ تاۋۇشى جاراڭلىق

|b| «جاراڭلىق» بولۇش بىلەن |p| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، «قوش لەۋ» ۋە «جاراڭلىق» بولۇش بىلەن |t| |k| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، «پارتلىغۇچى» بولۇش بىلەن |m| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. فونېمىلارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مۇنداق تاۋۇش چىقىرىش (تەلەپپۇز قىلىش) ئالاھىدىلىكى پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر فونېمىنى بىرقانچە ئوخشاش بولمىغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىككە بۆلۈپ چىقىشقا بولىدۇ. پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بىلەن فونېمىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكنى ۋە فونېما سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى خېلى ئوچاي چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

فونېمىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكىنى ئاكۇستىكا (ئاۋاز سپېكترىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى) جەھەتتىن

بېكىتىشكىمۇ بولىدۇ. يەنە تاۋۇش چىقىرىش جەھەتتىنمۇ بېكىتىشكە بولىدۇ. تاۋۇش چىقىرىش قائىدىسىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، تاۋۇش چىقىرىش جەھەتتىن پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى بېكىتكەندە، ئۇنى نىسبەتەن ئوڭاي چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھەربىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزىنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ شەكلى بولىدۇ. ھەربىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئۆزىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇ تاۋۇش چىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرىنى فونېمىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئاساسى قىلغىلى بولىدۇ.

تىلدىكى فونېمىنىڭ قايسى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق باشقا فونېمىلار بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇشىنى، ئۇنىڭ فونېما سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى |p| «قوش لەۋ» بولۇش ئارقىلىق |t| |k| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، «جاراڭسىز» بولۇش ئارقىلىق جاراڭلىق تاۋۇش |b| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، «پارتلىغۇچى»، «جاراڭسىز» بولۇش ئارقىلىق |m| دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرى: قوش لەۋ، جاراڭسىز، پارتلىغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت.

ھەربىر فونېما بىرقانچە پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا فونېمىغا يەنە «فونېما — بىر دەستە پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت» دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنىڭ خاراكتېرىنى شەرھلەش ئۈچۈن، بىز يۇقىرىدا ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلى-

رىنىڭ بەزى پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرىنى مىسال كۆرسىتىش تەرىقىسىدە سېلىشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىر خىل تىلنىڭ فونېمىلىرىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن، مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكنىڭ فونېمىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى رولىنى يەككە-يىگانە ھالدا تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن فونېما سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىقىرىلغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر ئەتراپلىق ھالدا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئەمەلىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەم فونېمىلارنى تەھلىل قىلىش ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى تۇرغۇزۇشتا ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر بار. دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سىستېمىلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللانسا ئوڭاي بولىدۇ، بۇنىڭدا فونېمىنى پەرقلەندۈرۈش رولى بار فونېتىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىككىسى بىر جۈپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن فونېمىنىڭ سىستېمىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنى مىسال قىلىپ، ھەرقايسى بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەرنى ئومۇمىي ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. توسقۇنلۇق/توسقۇنسىز

بۇ، ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا تۇسالغۇغا ئۇچراش - ئۇچرىماسلىقىغا ئاساسەن ئايرىپ چىقىرىلغان بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك. بارلىق ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ، بارلىق سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى تۇسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، دىماغ تاۋۇشلىرى |ŋ n m| ۋە قوۋۇز تاۋۇشى |l| ھەم تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھەم تۇسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، بۇلاردا بۇ ئىككى خىل پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بولىدۇ.

2. دىماغ تاۋۇشى/ئېغىز تاۋۇشى

تاۋۇش چىققاندا يۇمشاق تاڭلايىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ياكى تۆۋەنلىشى تۈپەيلى، ھاۋا ئېقىمى دىماغ بوشلۇقىدىن ياكى ئېغىز بوشلۇقىدىن سىرتقا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فونېمىلارنى دىماغ تاۋۇشى ۋە ئېغىز تاۋۇشى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق |ŋ n m| قاتارلىق دىماغ تاۋۇش فونېمىلىرىنى ئايرىپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

3. لەۋ تاۋۇشى/تىل تاۋۇشى

تاۋۇش چىقىرىش ئورنىغا ئاساسەن فونېمىلارنى لەۋتاۋۇشى ۋە تىل تاۋۇشى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. |m p ،b| بولسا لەۋ تاۋۇشلىرى بولىدۇ. باشقا فونېمىلار تىل تاۋۇشلىرى بولىدۇ.

4. تىل ئۇچى/تىل ئۈستى

|r l n t d| لار بولسا تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى بولىدۇ، |j ŋ k g z s| لار بولسا تىل ئۈستى تاۋۇشلىرى

بولىدۇ، سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى ئومۇمەن ھەممىسى تىل ئۇستى تاۋۇشلىرى بولىدۇ.

5. پارتلىغۇچى/سىيرىلاڭغۇ

بۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى چىقىرىشتىكى ئىككى خىل ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ، بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بولالايدۇ. |t| بىلەن |s|، |k| بىلەن |ʃ| نىڭ پەرقى بۇ بىر جۈپ ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

6. جاراڭلىق/جاراڭسىز

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى چىقارغاندا تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكىگە قاراپ، ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7. ئالدى/ئارقا

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئالدى ۋە تىل كەينى دەپ بۆلۈنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى ۋە تىل ئۇستى تاۋۇشلىرىنىڭ ھەممىسى تىل ئالدى ۋە تىل كەينى دەپ بۆلۈنىدۇ.

8. ئېگىز/تۆۋەن

سوزۇق فونېمىلاردىن |i| |u| بىلەن |a| نىڭ پەرقى بۇ بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

9. لەۋلەشكەن/لەۋلەشمىگەن

سوزۇق تاۋۇش |i| بىلەن |Y| نىڭ پەرقى بۇ بىر جۈپ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## فونېمىلارنىڭ تۈركۈملىنىشى

تىلدىكى فونېمىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەككە-يېگانە نەرسە بولماستىن، بەلكى ھەربىر فونېما ئۆزىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئۆزىگە ئوخشاش پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان فونېمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇلار تۈركۈملىنىپ بىر توپ ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

| تاۋۇشنىڭ چىقىرىلىش ئورنى / تاۋۇشنىڭ چىقىرىلىش ئۇسۇلى | | قوش لەۋ تاۋۇشلىرى | تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشلىرى | تىل تۈۋى تاۋۇشلىرى |
|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭلىق | b | d | g |
| | جاراڭسىز | p | t | k |

ھەر بىر فونېما تۈركۈملىنىش ۋە بىرىكىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئوخشاش بىر خىل تۈركۈملىنىش توپىدىكى فونېمىلار، فونېمىلارنىڭ سىستېمىلاشقان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولغان بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ

| | s | z | dʒ | tl | l | g | k | ɦ | q | x | ʁ | h | j | w | i | y | e | ø | ɛ | ɑ | u | o |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | + | + | + | + | + | + | + | ± | + | + | + | + | + | + | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | − | + | + | − | − | + | − | + | − | − | + | − | + | + | + | + | + | + | + | + | + | + |
| | − | − | − | − | − | − | − | + | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | − | + | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | − | − | | | | − | − | − | | | | | − | | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | − | − | ± | ± | − | + | + | | + | − | − | − | | | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | + | + | + | − | − | − | + | − |
| | − | + | | | | − | − | − | | | | | | | + | + | + | + | + | − | − | − |
| | | | | | | | | | | | | | | | − | + | − | + | − | − | + | |

## ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| فونېما / پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك | b | p | m | d | t | n | l | r |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توسقۇنسىز/توسقۇنلۇق | + | + | ± | + | + | ± | ± | + |
| جاراڭسىز/جاراڭلىق | + | − | + | + | − | + | + | + |
| ئېغىز تاۋۇشى/دىماغ تاۋۇشى | − | − | + | − | − | + | − | − |
| تىل تاۋۇشى/لەۋ تاۋۇشى | + | + | + | − | − | − | − | − |
| تىل ئۇستى/تىل ئۇچى | | | | + | + | + | + | + |
| سىيرىلغۇچى/پارتلىغۇچى | + | + | | + | + | | | |
| تۆۋەن/يۇقىرى | | | | | | | | |
| ئارقا / ئالدى | | | | | | | | |
| لەۋلەشمىگەن/لەۋلەشكەن | | | | | | | | |

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكى «+» بەلگىسى يانتۇ سىزىقنىڭ ئالدىدىكى ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«−» بەلگىسى يانتۇ سىزىقنىڭ كەينىدىكى ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «±» بەلگىسى ھەر ئىككى ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## فونېملارنىڭ بىرىكىشى

بوغۇم ــ فونېتىكىدىكى ئەڭ تەبىئىي قۇرۇلما بىرلىك، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بوغۇم فونېما بىلەن فونېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق قۇرۇلما بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر سۆزدە بىر ياكى بىرقانچە بوغۇم بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ» سۆزى بىر بوغۇمدىن، «قەلەم» سۆزى ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. سۆزلىگەندە، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى بىر جىددىيلىشىپ، بىر بوشىشىپ، ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى جەھەتتە بىر تاۋۇش بۆلىكى شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ بوغۇم بولىدۇ. جىددىيلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز بولغان جايى بوغۇم چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بوغۇمنىڭ مەركىزى بولىدۇ. جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىپ توختىغان جايى بوغۇم چېلغىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بوغۇملارنىڭ ئۆزئارا ئاجرىلىپ تۇرىدىغان چېگرىسى بولىدۇ. مەسىلەن: «قىلماق» سۆزىدە، بوغۇم چوققىسى [i]، [a] فونېمىلىرىدا بولىدۇ. بوغۇم چېلغىسى [q]، [l]، [m]، [q] فونېمىلىرىدا بولىدۇ. سوزۇق فونېمىلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى ئەڭ جىددىي ھالەتتە تۇرغاچقا، بوغۇم چوققىسى سوزۇق تاۋۇشلاردا بولىدۇ. مەسىلەن: قىلماق [qilmaq]، كەتمەك [kɛtmɛk] سۆزلىرىدىكى بوغۇم چوق-

قىسى، بوغۇم جىلغىسىنىڭ ئورنى تۆۋەندىكى سخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ:




6 - رەسىم

بىر بوغۇمنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان بىر سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى بىۋاستە بىرىكىپ، قوشما سوزۇق تاۋۇشنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، ئوخشاش بولمىغان ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىمۇ بىۋاستە بىرىكىپ قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. قوشما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كۆپچىلىكى بوغۇمنىڭ جىددىيلىشىشى ئاجىزلىشىۋاتقان باسقۇچتا بولىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى «买» |mai| نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدا مۇسكۇل بىر قېتىم جىددىيلىشىدۇ. |ai| بولسا جىددىيلىك ئاجىزلىشىۋاتقان باسقۇچتا بولىدۇ. بۇ بىر قوشما سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بولسا بوغۇمنىڭ ئىچىدىكى بىر جىددىيلىك كۈچىيىۋاتقان باسقۇچتا ياكى ئاجىزلىشىۋاتقان باسقۇچتا، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدىكى star

دىكى |st| بولسا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## نۇتۇق ئېقىمدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى

فونېما بىلەن فونېما بىرىككەن ۋاقىتتا ياكى قوشنا تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى ياكى سۆزلەشنىڭ تېز-ئاستىلىقى، ئېگىز-پەسلىكى ۋە ئاجىز-كۈچلۈكلىكى تۈپەيلى، فونېملاردا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۆزگىرىش نۇتۇق ئېقىمدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ئاسسىمىلياتسىيە، دىسسىمىلياتسىيە، ئاجىزلىشىش، كۆپىيىپ قېلىش ۋە چۈشۈپ قېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيەدېگىنىمىز، ئىككى ئوخشاش بولمىغان فونېمىنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ياكى يېقىنراق فونېمىغا ئۆزگىرىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: باغ + قا = باققا، تەگ + كەن = تەككەن... قاتارلىقلار.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى، جۈملىدىن تۈركىي تىللاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىمۇ ماھىيەتتە بىر خىل ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «باش — باشلا، باشلار، باشتا، باشلانغان»، «كەل — كەلگەن، كەلسە، كەلتۈرۈش، كەلگۈن»، «خۇلاسە — خۇلاسىلەر، خۇلاسىگە، خۇلاسىلەپ»،

«ئەدەبىيات = ئەدەبىياتقا، ئەدەبىياتتىن، ئەدەبىياتتا»... قاتارلىقلار.

ئەسلىدە ئوخشاش ياكى ئوخشىشىراق كېتىدىغان ئىككى فونېمىنىڭ بىرىنىڭ مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى يەنە بىرىگە ئوخشاش بولماي ئۆزگىرىپ قېلىش ھادىسىسى دىسىمىلياتسىيە بولىدۇ. دىسىمىلياتسىيە رولى ئاسسىمىلياتسىيە رولىنىڭ تەتۈرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ياغاچ + چى = ياغاشچى ... قاتارلىقلار.

ئاسسىمىلياتسىيە تەلەپپۇز قىلىشتا راۋان بولۇش، دىسىمىلياتسىيە بولسا تەلەپپۇز قىلىشتا قولاشماي قېلىشتىن ساقلىنىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان، لېكىن ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن دىسىمىلياتسىيە پەقەت ئوتتۇق ئېقىمىدىكى سادىر بولۇشى مۇمكىن بولغان بىر خىل ئېھتىماللىق. سادىر بولامدۇ - يوق، قانداق ئۆزگىرىدۇ. بۇنى تىل ئىجتىمائىيىتى بەلگىلەيدۇ. ئوتتۇق ئېقىمىدىكى بەزى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاجىزلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسە ئاجىزلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. تۈركىي تىللاردا بۇ خىل ھادىسە، ئاساسەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى ئۇلىغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئات + ئى = ئېتى»، «بالا + لار = باللار»، «چىنە + لەر = چىنلەر» قاتارلىقلار.

بەزى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، بۇ سۆزلەردە يوق بولغان تاۋۇشلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«سادا — سادايىم» ... قاتارلىقلار.
بەزى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى تاۋۇشلار چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسە، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «دەپتەر — دەپتە»، «بار — با»، «بارغان — باغان» قاتارلىقلار.

## 4. گراماتىكا

گراماتىكا بىر تەرەپتىن سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدىلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ھەققىدىكى قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك: «گراماتىكا (مورفولوگىيە، سىنتاكسىس) — سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ توپلىمىسى» ①. «گراماتىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە قائىدە چىقىرىپ بېرىدۇ. ئۇ كونكرېت سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق كونكرېت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان ئومۇمىي سۆزلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ گراماتىكا جۈملە تۈزۈش ھەققىدە قائىدە چىقىرىپ بەرگەندە، مەلۇم كونكرېت جۈملىلەرنى، ئېيتايلى، كونكرېت ئىگە، كونكرېت خەۋەر

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 31 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ۋەھاكازالارنى كۆزدە تۇتمايدۇ. بەلكى بىرەر جۈملىنىڭ كونكرېت شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت جۈملىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، گىراماتىكا سۆزلەردىنمۇ، جۈملىلەردىنمۇ ئايرىم ۋە كونكرېت نەرسىلەرنى ئابستراكتسىيىلەپ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈشكە ئاساس بولىدىغان ئومۇمىي نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن گىراماتىكا قائىدىلىرىنى، گىراماتىكا قانۇنىيەتلىرىنى تۈزىدۇ»①. گىراماتىكىلىق تەھلىلنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى ئاڭلىق تۈردە ئىشلىتىشى ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ھەققىدىكى قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىپ، رەتلەپ چىقىپ، ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

گىراماتىكىلىق قائىدىلەر كىشىلەرنىڭ سۆزلىگەندە بىنايە قىلىشى لازىم بولغان ئادەتلەر بولۇپ، تىلشۇناسلار بېكىتىپ چىققان قائىدىلەر ئەمەس. تىلشۇناسلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت بۇ خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇت قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى يىغىنچاقلاپ، رەتلەپ، مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى تەسۋىرلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## گىراماتىكا قائىدىسى

بىر جۈملە گەپنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 32 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

قايسىبىر قاتار تاۋۇشلار بىلەن قانداق مەنىنىڭ بىرىكىپ تىل بەلگىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن چىققان بىر قاتار تاۋۇشلار بىلەن قانداق مەنىنىڭ بىرىكىپ تىل بەلگىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، يەنى بىر جۈملە گەپنى چېگرىسى ئېنىق بولغان بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈشنى بىلىش كېرەك. بىر جۈملە- نى بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈش قارىماققا ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇرەككەپ بولغان ئالماش- تۇرۇش جەريانى بولىدۇ. مەسىلەن: «بۇ كىتاب ئوقۇدى» دېكى «كىتاب» سۆزىنى «ژۇرنال»، «رومان»، «ھېكايە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ خىل تىپتىكى چەكسىز جۈملىلەرنى تۈزەلەيدۇ، شۇنىڭدەك «بۇ»، «ئوقۇدى» دېگەن سۆزلەرنىمۇ باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئالماشتۇرۇلغان بۆلەك گىراماتىكىلىق بىرلىك دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىرلىكلەر ئىچىدىكى كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇقى سۆز بولۇپ ھېساب- لىنىدۇ. ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى تېپىپ چىقىشقا مۇمكىن بولسا، يەنە بىر تە- رەپتىن گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ پائالىيەت قىلىش ئورنىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتا ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا گىراماتىكىلىق قائىدىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنىڭ ئۇلىنىپ بىرىكىش قائىدىسى گىراماتىكىنىڭ بى- رىكىش (كومبىناتسىيە) قائىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن كىتاب ئوقۇيمەن» دېگەننى، ئادەتتە «مەن ئوقۇيمەن كىتاب» دەپ سۆزلىگىلى بولمايدۇ. جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىن كېلىش تەرتىپى بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنىڭ بىرىكىش قائىدىسى بۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. «ئۇ، كىتاب ئوقۇدى»، «ئۇ، كىنو كۆردى»، «ئۇ، كىيىم تىكىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى «مەن كىتاب ئوقۇيمەن» دېگەن جۈملىنىڭ بىرىكىش قائى- دىسى بويىچە تۈزۈلىدۇ. بۇ قائىدە بويىچە بۇ خىل جۈملىلەردىكى ئۈچ ئورۇندىكى سۆزلەرنى باشقا سۆزلەر بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مۇۋاپىق سۆز بىلەن بۇ خىلدىكى جۈملىنىڭ مەلۇم ئورۇندىكى سۆزىنى ئالماش- تۇرۇپ يېڭى بىر جۈملە تۈزۈشكە بولىدۇ، لېكىن ھەربىر ئورۇندىكى سۆزنى قانداق سۆز بىلەن ئالماشتۇرۇشقا دۇم- كىن، دېگەن مەسىلىدە، مەنە جەھەتتىن ماسلىشىشتىن تاشقىرى يەنە گرامماتىكا جەھەتتە تۈركۈملىنىش (كلاسسىفى- كاتسىيە) قائىدىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. گرامماتىكىدا، جۈملىنىڭ مەلۇم ئورنىدا پەيدا بولالايدىغان سۆزلەر بىر تۈركۈمنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلىدىغان سۆز بۇ تۈركۈمدىكى سۆز بولمىسا، جۈملە تۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن: «مەن كىتاب ئوقۇيمەن» دېگەن جۈملىدىكى «مەن» نىڭ ئورنىغا «كۆرىمەن» سۆزىنى، «كىتاب» نىڭ ئورنىغا «ئاستا» سۆزىنى، «ئوقۇيمەن» نىڭ ئورنىغا «يامان» سۆزىنى ئالماشتۇرساق، «كۆرىمەن ئاستا يامان» دىن ئىبارەت چۈشىنىكسىز بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. تۈركۈملىنىش قا- ئىدىسى ئەمەلىيەتتە گرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ تۈرلەرگە

ئايرىلىش قائىدىسىدۇر.
گراماتىكىدىكى بىرىكىش قائىدىسى بىلەن تۈركۈم-
لىنىش قائىدىسى بىر خىل تىلنىڭ گراماتىكىلىق
قائىدىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئوخشاشمىغان ئىككى خىل
نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ گراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى
تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىرىلغان قائىدە.
بۇ ئىككى قائىدە بىر-بىرىگە بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ. تۈركۈم ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان سۆزلەر
بىرىكىش قائىدىسى بويىچە جۈملە تۈزىدۇ.

## گراماتىكىلىق بىرلىكلەر

ھەرقانداق قائىدە كونكرېت ھادىسىلەرنى يەكۈنلەش
ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. تىل قائىدىلىرىمۇ شۇنداق. بۇ
قائىدىلەر كونكرېت گراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى
ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىن ئايرىلالمايدۇ. بىرىكىش ئارقىلىق
ھاسىل بولغان بىرىكمىنىڭ مەلۇم ئورۇندىكى ئالماشتۇرۇش-
قا بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئۆزۈندە گراماتىكىلىق
بىرلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن كىتاب سېتىۋالدىم.

مەن بىر كىتاب سېتىۋالدىم.

مەن بىر قىزىقارلىق كىتاب سېتىۋالدىم.

بۇ يەردە «كىتاب»، «بىر كىتاب»، «بىر قىزىقارلىق
كىتاب» لارنى جۈملىدىكى بىر ئورۇندا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش-

ﻗﺎ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى گراماتىكىلىق بىرلىكلەردىن ئىبارەت. جۈملە بۇ بىرلىكلەرنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان سەھنىسى. جۈملىمۇ بىر خىل گراماتىكىلىق بىرلىك. گراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بولىدۇ. ئەڭ چوڭ گراماتىكىلىق بىرلىك جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن كىچىك بولغان گراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى رېتى بويىچە ئېيتقاندا، سۆز بىرىكمىسى، سۆز ۋە مورفېمىلاردىن ئىبارەت. مورفېما ئەڭ كىچىك گراماتىكىلىق بىرلىك. چوڭ گراماتىكىلىق بىرلىك، كىچىك بىرلىكلەرنىڭ مۇئەييەن قائىدىلەر بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

1. جۈملە

تىل ــ ئالاقىلىشىش قورالى. ئۆزئارا ئالاقىلەشكەندە كەم دېگەندە بىر جۈملە گەپ قىلىش كېرەك. ئاندىن نىسبەتەن تولۇق بولغان مەزمۇننى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، جۈملە تىلدىكى ئەڭ چوڭ گراماتىكىلىق بىرلىك، يەنە كېلىپ ئالاقىلىشىش جەريانىدىكى ئاساسىي بايان بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن چوڭ بولغانلىرى ئابزاس ۋە پۈتۈن بىر پارچە ماقالە بولىدۇ. گراماتىكىنىڭ تەتقىقاتى ئادەتتە جۈملىگىچە تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، جۈملىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بىر تولۇق ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ. ئىزچىل نۇتۇقتا پۈتۈن جۈملە ياكى جۈملىنىڭ

مەلۇم ئۈزۈندىسىنىڭ ئۈن جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈ ياكى سۇس بولۇشى ئىنتوناتسىيە دېيىلىدۇ. پۈتۈن جۈملىنىڭ ئۈن جەھەتتىن ئېگىز ـ پەس ئۆزگىرىشى «جۈملە ئىنتوناتسىيە» دېيىلىدۇ. سۆز قىلغاندا، ھەرقانداق تولۇق ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان بىر ئۈزۈندە جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملىنى ئۆزىدىكى ئىنتوناتسىيىگە ئاساسەن، بايان جۈملە (ئۇ كەلدى.)، سوئال جۈملە (ئۇ كەلدى؟)، بۇيرۇق جۈملە (ئۇ كەلسۇن.) ۋە ئۈندەش جۈملە (ئۇ يوقالسۇن!) قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ جۈملە تىپلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. سۆز بىرىكمىسى

سۆز بىرىكمىسى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، جۈملىدىن كىچىك، سۆزدىن چوڭ بولغان گرامماتىكىلىق بىرلىك. ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولى سۆز بىلەن باراۋەر. ھەربىر جۈملىدىكى سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولىدۇ. بىر بۆلەكتىن ھالقىپ كەتكەن سۆز، سۆز بىرىكمىسىنى تۈزەلمەيدۇ. مەسىلەن: «يېڭى كەلگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن» دېگەن جۈملىنى بىز تەبىئىي ھالدا «يېڭى كەلگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسى» ۋە «ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن» دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلىمىز، بۇلار بۇ جۈملىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ. يەنە داۋاملىق بۆلىدىغان بولساق، «يېڭى كەلگەن»، «يولداشلارنىڭ ھەممىسى»، «ئوبدان بىلىدىكەن» دېگەنلەرمۇ سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ، لېكىن «يولداشلارنىڭ

ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن»، «ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن» دېگەنلەر بۇ جۈملىنىڭ ئىچىدىكى سۆز بىرىكمىسى بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆزلەر بۆلەكتىن ھالقىپ كەتتىكەن. (مۇشۇ باب «3. بىرىكىش قائىدىسى» دىكى «4. بىرىكىشنىڭ قاتلاملىقى» غا قاراڭ)

جۈملىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆز بىرىكمىلىرى ئالاقىلىشىشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ۋاقىتلىق بىرىككەن بىرىكمە. كىشىلەر بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالاقىلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن تۈزۈپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «بۇ ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇيدۇ» دېگەن جۈملىدە «بۇ ئوقۇغۇچى» ۋە «ياخشى ئوقۇيدۇ» دىن ئىبارەت ئىككى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى بار. تىلدا يەنە سۆزلەرنىڭ تۇراقلىق بىرىكىشلىرىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «خەلق قورۇلتىيى»، «ئازادلىق ئارمىيە» قاتارلىقلار. ماقال - تەمسىللەر، ئىدىئوملار بولسا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالاھىدە بىرخىل تۈرى بولۇپ، ئۇلار تىل تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنگەن ۋە مۇقىملاشقان، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تەركىبلەرنى، رەت تەرتىپىنى ئومۇمەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا، ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ياكى بىرەر سۆزنى كۆپەيتىشكە، ياكى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

3. سۆز

سۆز ئەڭ مۇھىم بولغان بىر گرامماتىكىلىق بىرلىك.

سۆز جۈملە تۈزگەندە مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك، مەنە ۋە رولى جەھەتتىن سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي مەنىسى بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن: «تاغ، قەلەم، قىزىل، مەن» قاتارلىق سۆزلەر ۋە تىلدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەردىن ئىبارەت. مۇستەقىل سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرى بولالايدۇ. ئۇرغۇن مۇستەقىل سۆزلەرنى يالغۇز ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئانچە ئېنىق بولمايدۇ، ئۇلار جۈملە تۈزۈشتە گراماتىكىلىق رول ئوينايدۇ، جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى بولۇپ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن: «بىلەن، ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ۋە، ھەم» قاتارلىق سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم گراماتىكىلىق رول ئوينايدۇ.

سۆز تىل سىستېمىسىدا ھالقىلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. سۆز گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى تەھلىل قىلىشتىكى بىرخىل ئەڭ مۇھىم گراماتىكىلىق بىرلىك. گراماتىكا تەتقىقاتىدا ئادەتتە سۆز بىر چېگرا قىلىنىدۇ. سۆزدىن يۇقىرى بولغان بىرلىكلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسى «سىنتاكسىس» دېيىلىدۇ. سۆزدىن تۆۋەن بىرلىكلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسى سۆز ياساش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى سۆزنىڭ تىل سىستېمىسىدىكى مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. مورفېما

مورفېما ـــ تىلدىكى تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئەڭ كىچىك بىرلىك. سۆزلەر مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: «ماڭ، ئىش» دېگەن سۆزلەر بىر مورفېمىدىن، «ئىشچى، تاشيول» دېگەن سۆزلەر ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن.

مورفېمىلارنىڭ سۆزلەردە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، ئۇلارنى يىلتىز، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە (ئاففىكس) ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يىلتىز سۆزنىڭ يادرو قىسمى بولۇپ، سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار يالغۇز ياكى ئۆزئارا بىرىكىپ سۆز ياسىيالايدۇ. مەسىلەن: «تاش» «يول»، «تۆمۈر»، «تاشيول»، «تۆمۈريول» قاتارلىقلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە پەقەت يىلتىزغا ئۇلىنىپ يېڭى سۆز ياسايدىغان مورفېما بولۇپ، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا سۆز بولالمايدۇ. يىلتىزنىڭ ئالدىدىن ئۇلىنىپ كېلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە (پرېفىكس) دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە (سوففىكس) دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىزنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كېلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى ئوتتۇرا قوشۇمچە (ئىنفىكس) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىگۇناھ»، «بىمەدەپ» دىكى «بى ـ»، خەنزۇ تىلىدىكى «第 ـ» (بىرىنچى) دىكى «第»، رۇس تىلىدىكى «проитáть» (ئوقۇماق) دىكى

«npo»، ئىنگلىز تىلىدىكى «un known» (نامەلۇم) دىكى «un –» لار سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە بولىدۇ. «ئىشچى»، «ۋەتەنپەرۋەر» دىكى «چى»، «پەرۋەر»، خەنزۇ تىلىدىكى «小刀子» (بەكە) دىكى «子»، رۇس تىلىدىكى «BCTaBáTb» (تۇرماق) دىكى «BCITb –»، ئىنگلىز تىلىدىكى «reader» (كىتابخان) دىكى «re –» لار سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە بولىدۇ. سۆز ياسىغۇچى ئوتتۇرا قوشۇمچە نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. مالاي تىلىدىكى «patuk» (چوقۇماق) «pelatuk» (تۆمۈرتۇمشۇق) سۆزىدىكى «– el –» سۆز ياسىغۇچى ئوتتۇرا قوشۇمچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار پەقەت سۆزنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، گرامماتىكىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قاتارلىقلار مورفېمىدىن تارتىپ جۈملىگىچە بولغان گرامماتىكىلىق بىرىكمىلەر بىر قاتلاملىق سىستېمىنى ھاسىل قىلىدۇ. يۇقىرى بىر قاتلامدىكى بىرلىك ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان قاتلامدىكى بىرلىكلەرنىڭ مۇئەييەن قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن شەكىللىنىدۇ. گرامماتىكا تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بىرى ھەربىر قاتلامدىكى بىرلىكلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## بىرىكىش قائىدىسى

گرامماتىكىدىكى بىرىكىش قائىدىسى مورفېمىلارنىڭ بىرىكىپ سۆز ھاسىل قىلىش ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ جۈملە

ھاسىل قىلىش قائىدىسىدىن ئىبارەت. ئالدىنقى سۆز ياساش قائىدىسى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى بىلەن بىرلىكتە مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ، كېيىنكىسى سىنتاكسىس دەپ ئاتىلىدۇ.

1. مورفېمىلارنىڭ بىرىكىپ سۆز ھاسىل قىلىش قائىدىسى

سۆزلەر مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. بىر يىلتىز مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «قەلەم»، «ئادەم»، «باغ» قاتارلىق سۆزلەر.

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەگەر يىلتىز مورفېمىلىرىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆز بولسا، قوشما سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: «تاشيول، تۆمۈريول، ئاق كۆڭۈل»، خەنزۇ تىلىدىكى «黑板» (دوسكا)، ئىنگلىز تىلىدىكى Hackboard (دوسكا) قاتارلىق سۆزلەر، قوشما سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى قوشما سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىز مورفېما ۋە سۆز ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «چايدان، ئىشچى، ئىنسانپەرۋەر» قاتارلىق سۆزلەر. ياسالما سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى ياسالما سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ، ياكى قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مورفېمىلارنىڭ بىرىكىپ سۆز ھاسىل قىلىشى گرامماتىكىدىكى بىرلىكلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كۆپىيىشى بولىدۇ.

2. سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىكى ئاساسىي تىپلار

سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى چەكسىز، لېكىن ئۇلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بەزىبىر ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنىڭ كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن بىرىكىپ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە دائىم ئۇچرايدىغان ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرى، ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما، تولدۇرغۇچى - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما، خەۋەر - تولۇقلىغۇچى مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما، ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما دەپ بەش خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ بەش خىل ئاساسىي قۇرۇلما تىپى سۆزلەرنىڭ بەش خىل ئاساسىي بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

1) ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما

بۇ خىل قۇرۇلما بايان قىلىنغۇچى ئوبيېكت بىلەن بايان مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ رولى بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن بۇ تېمىنى شەرھلەيدۇ. تېما قىسمى ئىگە، شەرھلەيدىغان قىسمى خەۋەر بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە - خەۋەرلىك قۇرۇلمىنىڭ تەرتىپى ئومۇمەن، ئىگە ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەت / كەلدى

مەن / كەتتىم

بۇ رەسىم / چىرايلىق

2) تولدۇرغۇچى ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىكى قۇرۇلما

بۇ خىل مۇناسىۋەت ھەرىكەت (خەۋەر) بىلەن ھەرىـ كەتنى قوبۇل قىلغۇچى (تولدۇرغۇچى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناـ سىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن تولدۇرغۇچى ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالمىنى / يېمەك

كىتاب / ئوقۇماق

خەت / يازماق

3) خەۋەر ـ تولۇقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما

خەۋەرنىڭ كەينىگە يەنە بەزىبىر تەركىبلەرنى قوشۇپ، خەۋەرنىڭ دەرىجىسى، نەتىجىسى ۋە يۆنىلىشى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ تەركىب تولۇقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر بىلەن تولۇقلىغۇچىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما خەۋەر ـ تولۇقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما دەپ ئاتىلىدۇ. ھەنزۇ تىلىدىكى خەۋەر تولۇقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىدا خەۋەر ئالدىدا، تولۇقلىغۇچى كەيـ نىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

( ) / ( ) ( ) (جىلە بولۇپ يىغلاپ كەتمەك)

( ) / ( ) ( ) (يۆتكەپ كەتمەك)

4) ئىنىقلىغۇچى ـ ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما

بۇ خىل قۇرۇلما ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن ئىنىقلىغۇچى ئالدىدا، ئىنىقلانغۇچى كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

خەلقنىڭ / كۆچى
قىزىل / ئالما
ئېگىز / بىنا

5) تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەر گرامماتىكا جەھەتـ تە ئۆزئارا باراۋار بولىدۇ. مەسىلەن:

دەپتەر، قەلەم ۋە كىتاب سېتىۋالدىم

• • •

ئەخمەت، سەمەت ۋە مەمەتلەر كەلدى.

• • •

يۇقىرىدىكى ئاستىغا چېكىت قويۇلغانلار تەڭداش مۇناـ سىۋەتتىكى قۇرۇلما بولىدۇ. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىـ دىكى ھەرقايسى تەركىبلەر جۈملىدە بىر گرامماتىكىلىق بىرلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «دەپتەر، قەلەم ۋە كىتاب سېتىۋالدىم» دېگەن جۈملىدىكى «دەپتەر، قەلەم ۋە كىتاب» بۇ جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كېلىدۇ.

جۈملە بولسا بۇ ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. جۈملىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئادەتتە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت ۋە تولۇقلىغۇچى قاتارلىق بۆلەكلىرىـ نىڭ نامى، خاراكتېرى ۋە رولى، بۇ ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرىنىڭ مۇناسىپ تەركىبلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

3. گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ مەنىسى ۋە شەكلى

سۆزلەر بىرىكىپ قۇرۇلما ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن قۇرۇلمىنىڭ مەنىسى دائىم ھەرقايسى ئايرىم سۆز-لەرنىڭ مەنىسىنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە گرامماتىكىلىق مەنە كۆپەيگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ئېگىز»، «بىنا» سۆزلىرىنى ئالساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر-قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنىسى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىرىكىپ «ئېگىز بىنا» دېن ئىبارەت ئېنىقلىغۇچىلىق مۇنا-سىۋەتتىكى قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، بۇ «بىنا» نىڭ «ئېگىز بىنا» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە «قانداق بىنا» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭ ھەم-مىسى بىرىكىشتىن ھاسىل بولغان گرامماتىكىلىق مەنە، ئەگەر بۇ ئىككى سۆز بىرىكىپ ئىگە - خەۋەرلىك قۇرۇلما «بىنا ئېگىز» نى ھاسىل قىلسا، «ئېگىز» يەنە «بىنا» نى ئېنىقلىماستىن، بەلكى «بىنا» نىڭ «ئېگىز» بولۇشتەك خاس-لىقى بارلىقىنى بايان قىلىپ بېرىپ، جاۋاب بېرىدىغان سوئال «بىنا قانداق؟» دېگەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ بولسا ئىگە - خەۋەرلىك قۇرۇلمىنىڭ بۇ ئىككى سۆزگە قوشقان گرامماتىكىلىق مەنىسى بولىدۇ. ئەگەر بىز گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسەك، جۈملىدىكى ھەربىر سۆزنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، جۈملىنىڭ مەنىسىنى يەنىلا توغرا چۈشىنەلمەيمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بەش خىل ئاساسىي گرامماتىكى-لىق قۇرۇلمىلار بولسا، گرامماتىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئايرىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامىلىرى ھەربىر قۇرۇلمىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەر خىل ئاساسىي گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ گراماتىكىلىق مەنىلىرى مۇئەييەن گراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. گراماتىكىلىق شەكىلنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلدىن ئىبارەت:

1) سۆز تاللاش

ئاساسىي قۇرۇلمىلارنى تۈزەيدىغان سۆزلەر، ئەلۋەتتە سۆزلەرنىڭ مەنىسى جەھەتتىن ماسلىشىشى كېرەك. مەسىلەن: «پەلەمپەي» بىلەن «ئىچمەك»، «چاچ» بىلەن «چۈش كۆرمەك» لەر بىر - بىرى بىلەن ماسلاشمايدۇ. بۇ سېمانتىكا مەسىلىسى. بۇ، تۆۋەندىكى بابتا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ يەردە سۆزلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ گراماتىكا جەھەتتىكى تۈرلىرىمۇ بىر - بىرىگە ماسلىشىشى كېرەك (سۆز تۈركۈمى مەسىلىسى تۆۋەندىكى پاراگرافتا سۆزلىنىدۇ). ئاساسىي قۇرۇلمىدىكى ھەربىر تەركىب مەلۇم سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: «لېكىن، ئاھ، شۇڭلاشقا» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر ھەرقانداق قۇرۇلمىنىڭ تەركىبى بولالمايدۇ. «سۇ، ئوت، قۇياش، پېچىنە» قاتارلىق ئىسىملارمۇ ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىدا خەۋەر بولۇپ كېلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان سۆزلەرنى ئالدى بىلەن گراماتىكىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تۈركۈملىنىشىدىن تاللاش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ «كىتاب ئوقۇماق» دېگەننى باشقۇرۇش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما، «ياخشى كىتاب» نى ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما

دېيىشىمىزدىكى سەۋەب بۇنى «ئوقۇماق» ۋە «ياخشى» دېگەن سۆزلەر تەئەللۇق بولغان سۆز تۈركۈمى ئارقىلىق بېكىتىمىز.

2) سۆز تەرتىپى

سۆزلەرنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، جەزمەن مۇئەييەن رەت - تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش شەرت. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى قۇرۇلمىلاردىكى سۆزلەرنىڭ رەت - تەرتىپىنى ئالساق، ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلمىدا ئومۇمەن ئىگە ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە، باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلمىدا تولدۇرغۇچى ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە كېلىدۇ... ھەرقايسى تىللاردا باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلمىنىڭ ئىككى تەركىبىنىڭ ئورنى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللار تولدۇرغۇچى كەينىدە كېلىدىغان تىپقا، ياپون تىلى، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تىللار تولدۇرغۇچى ئالدىدا كېلىدىغان تىپقا مەنسۇپ.

3) ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى

سۆز بىلەن سۆزنى بىرىكتۈرۈشتە يەنە «يېلىم» لازىم بولىدۇ. بۇ رولنى ياردەمچى سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئۆتەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى مۇھىم بىرىكتۈرگۈچى ۋاسىتە. تەڭداش مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلما ئادەتتە «بىلەن، ۋە، ھەمدە» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر بىلەن بىرىكىدۇ. كېلىش ۋە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى بار تىللاردا سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ قۇرۇلما ھاسىل قىلىشىدا ۋە تۈرلىنىش مۇھىم

رول ئوينايدۇ. قۇرۇلمىلار سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ئىگىنىڭ شەخس ۋە سان جەھەتتە تۈرلىنىشىگە ئاساسەن تۈرلىنىپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. بىر كونكرېت بىرىكىشتە قايسى خىل تۈرلىنىش شەكلىنى ئىشلىتىش مەسىلىسىدە، مورفولوگىيىلىك تۈركۈملىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

سۆز تاللاش، سۆزلەرنىڭ رەت - تەرتىپى، ياردەمچى سۆزلەر، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئاساسىي قۇرۇلما ئۈچۈن گرامماتىكىلىق شەكىل ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشلەر گرامماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ھەربىر بىرىكىشنىڭ قايسى قۇرۇلمىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالايدۇ. ئەگەر سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدە، ئاساسىي قۇرۇلمىلارنىڭ بىرىنىلا ئىشلىتىپ قالماي، بىرقانچىسىنى بىرگە ئىشلەتكەن بولسا، پۈتۈن بىرىكمىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن قاتلاملارنى ئايرىش قىلىش كېرەك.

4) بىرىكىشنىڭ قاتلاملىقى

تىلدىكى جۈملە قانداق مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلمىلارنىڭ قاتلاممۇ قاتلام كېڭىيىشى ياكى قىسقىرىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، جۈملە خۇددى بىر سۆزنىڭ كەينىدىن بىر سۆز ئۇلىنىپ چىققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىدە قاتلاملار بولىدۇ. ھەربىر قاتلامدىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرقانچە خىلدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. بىز جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا ئالدى بىلەن ئەڭ چوڭ ئىككى قىسمىنىڭ بىۋاستە

بىرىككەنلىكىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئىككى قىسىمنىڭ قايسى مۇناسىۋەتتە (قۇرۇلما تىپى) ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تەدرىجىي ھالدا بۇ ئىككى قىسىمنى ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايسى ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قاتلاممۇ قاتلام ئايرىپ تاكى سۆزلەرگىچە تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

مېنىڭ كىچىك ئۇكام　　بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدى

1 - قاتلام

(ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

2 - قاتلام

(ئېنىقلىغۇچى- ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت) (تولدۇرغۇچى-خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

3 - قاتلام

(ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت) (ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت) (ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت)

بۇ جۈملىنى ئۈچ قېتىم بۆلگەندىن كېيىن ئاندىن سۆزگىچە تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدىكى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۈچ قاتلام بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۈملە مانا مۇشۇنداق مۇئەييەن قائىدىلەر ئارقىلىق قاتلاممۇ قاتلام بىرىكىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ھەربىر قاتلامدىكى بىۋاستە بىرىكىپ ئۆزىدىن چوڭراق گراماتىكىلىق بىرلىكنى تۈزەيدىغان ئىككى تەركىبىي قىسىم بىۋاستە تەركىب دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «مېنىڭ كىچىك ئۇكام» بىلەن «بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدى» بولسا

بىرىنچى قاتلامدىكى ئىككى بىۋاستە تەركىب بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلما مۇناسىۋىتى بولسا ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. «مېنىڭ» بىلەن «كىچىك ئۇكام» ئىككىنچى قاتلامنىڭ ئالدىدىكى قىسمىنىڭ بىۋاستە تەركىبى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلما مۇناسىۋىتى بولسا ئىنىقلىغۇچى - ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئۈچىنچى قاتلاممۇ بۇ ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىش كېرەك. جۈملە بىلەن سۆز ئارىسىدىكى ھەربىر قاتلاملار چوڭ - كىچىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق گراماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ قاتلاملىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. جۈملىدىكى بىرىكىشلەر ئەسلىدىلا قاتلاملىق بولىدۇ. گراماتىكىلىق تەھلىل بۇ خىل قاتلاملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. قۇرۇلمىنىڭ قاتلاملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

5) بىرىكىشتىكى قايتىلىنىش

ئاساسىي قۇرۇلمىلارنى قاتلاممۇ قاتلام كىرىشتۈرۈش قوللىنىشقا بولىدۇ. «مېنىڭ كىچىك ئۇكام بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدى» دېگەن جۈملىنىڭ قاتلاملىقىنى كۆرسىتىش سخېمىسىدا ھەرقايسى قاتلامدىكى قۇرۇلمىلارنىڭ كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن ئەھۋالى ئىپادىلەنگەن، يەنى بىرىنچى قاتلامدىكى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما ئۆز ئىچىگە تۆت ئىنىقلىغۇچى - ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما بىلەن بىر تولدۇرغۇچى - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىنى ئالغان. ئۈچىنچى

قاتلامنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما ئىككىنچى قاتلامنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە كەلگەن. ئۈچىنچى قاتلامنىڭ كەينىدىكى ئىككى ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما ئىككىنچى قاتلامنىڭ كەينىدىكى تولدۇرغۇچى - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە كەلگەن. ئەمدى ئىككىنچى قاتلامدىكى بىر ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما بىلەن بىر تولدۇرغۇچى - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما بىرىنچى قاتلامدىكى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە كەلگەن.

گرامماتىكىلىق بىرىكىش قۇرۇلمىلىرى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى كىرىشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوخشاش قۇرۇلما قائىدىسى قايتا - قايتا ئىشلىتىلىشى، قۇرۇلما جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇ، گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ «قايتىلىنىش» خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرۇلمىدىكى مەلۇم بىرلىكنى (مەسىلەن، سۆزنى داۋاملىق تۈردە ئوخشاش رولى بولغان سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن) ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ قايتىلىنىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. بۇ خىل قايتىلىنىش بولغانلىقتىن ئاساسىي قۇرۇلمىدىكى تەركىبلەرنى كېڭەيتىپ ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلما قىلىپ تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رولى يەنىلا ئەسلىدىكى تەركىبكە ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: «گۈل ئېچىلدى» دېگەن ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىدا ئىگە - «گۈل» نى ئېنىقلىغۇچىلىق

مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىنىڭ قايتىلىنىشى بىلەن «قىزىل گۈل»، «ھويلىدىكى قىزىلگۈل»، «ئەمەتنىڭ ھويلىسىدىكى قىزىلگۈل» قاتارلىق قىلىپ كېڭەيتىشكە بولىدۇ. قۇرۇلما قائىدىسىنىڭ قايتىلىنىشى نەزەرىيە جەھەتتىن سۆزلىگەندە چەكسىز بولىدۇ. يۇقىرىدىكى مىسال كېڭىيىپ قانچىلىك دەرىجىگە يەتمىسۇن، ئۇنىڭ رولى يەنىلا «گۈل ئېچىلدى» دېگەندىكى «گۈل» بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئاساسىي قۇرۇلمىلارنىڭ كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن باشقا يەنە بەزىدە ئىككى ياكى بىرقانچە ئۆزۈندە (ئادەتتە ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما) ئۆزئارا باغلىنىپ، تولۇق ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان قوشما جۈملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلىدىغان بىۋاستە ئۆزۈندىلەر تارماق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. تارماق جۈملىلەر ئارىسىدا ئادەتتە باغلىغۇچىلىق رولىنى ئوينايدىغان باغلىغۇچىلار بولىدۇ (يا سەن تۇر، يا مە تۇراي). تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پائۇزا مۇستەقىل جۈملىلەر ئارىسىدىكى پائۇزىغا قارىغاندا قىسقا بولىدۇ تارماق جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتلاملار بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلىدۇ. تارماق جۈملىلەر مۇئەييەن مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سەن خەتنى يازماق، مەن يازىمەن

(ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت) (ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

(تولدۇرغۇچى ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

سۆز تۈركۈمى تىلدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان گىراماتىكىلىق تۈركۈملىنىش بولۇپ، بۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلمىسا، تىلدىكى بىرىكىش قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. جۈملىنىڭ سانى چەكسىز، لېكىن جۈملىنىڭ قۇرۇلما ئۇسۇللىرى چەكلىك بولىدۇ. گىراماتىكا تەتقىقاتى گەرچە كونكرېت جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىشتىن باشلانسىمۇ، لېكىن كونكرېت جۈملىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى كونكرېت جۈملىلەردىن قۇرۇلما ئۇسۇللىرىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جۈملىدىكى ھەربىر كونكرېت سۆزنى تۈرلەرگە ئايرىش كېرەك. مەسىلەن:

ئاكام خەت يېزىۋاتىدۇ.

سىڭلىم پومزەك ئويناۋاتىدۇ.

ئۇكام كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.

بۇنداق ئوخشاش ئۇسۇلدىكى جۈملىلەردىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرگىلى بولىدۇ. جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن ئوخشاش بىر ئورۇندا پەيدا بولىدىغان سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بۇلارنى يىغىنچاقلاپ بىر تۈركۈم قىلساق، تۈركۈم ئارقىلىق كونكرېت سۆزلەرنى ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابستراكتلاشقان جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇسۇللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. مەسىلەن: يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەرنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ يازغاندا «ئىسىم + ئىسىم + پېئىل» بولىدۇ.

گىراماتىكا تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى تىل قائىدىلىرىنى

بىلىشتىن ئىبارەت. قائىدىلەر نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. سۆزلەرنى سۆز تۈركۈملىرىگە ئايرىش سىنتاكسىلىق نۇسخىلارنى ئابستراكتلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بىرىنچىسىز قائىدىسىنى تېپىپ چىقىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا.

تىلدىكى سۆز تۈركۈملىرى بىر خىل قاتلاملىق سىستېما. ئىسىم، پېئىل ۋە سۈپەت قاتارلىقلار ئەڭ چوڭ سۆز تۈركۈملىرىدۇر. ھەربىر تۈركۈمدىكى سۆزلەر ئاساسىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشتىن تاشقىرى يەنە ئۆزگىچىلىككىمۇ ئىگە بولىدۇ؛ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئورتاقلىق بولۇشتىن سىرت يەنە ئالاھىدىلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا چوڭ سۆز تۈركۈمدىكى سۆزلەر يەنە بىرىنچىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك كىچىك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى تىللاردا، پېئىل ئەڭ مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار شەخسلىك ۋە شەخسسىز پېئىللار دەپ بۆلۈنىدۇ. شەخسلىك پېئىللار تولدۇرغۇچى ئېلىپ كېلىش، كەلمەسلىكى بىلەن ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار دەپ بۆلۈنىدۇ. يەنە شەخسلىك پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان، راي ۋە پېئىل دەرىجىلىرى قاتارلىق كاتېگورىيىلىرى بولىدۇ.

گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە ئىنچىكىلىكىگە قاراپ ئېيتىش، نۆۋەتتىكى گرامماتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئومۇم يۈنىلىشى.

## 2. سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى

بەزى تىللاردا سۆز بىلەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدە، سۆزلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ. بىر سۆز ئوخشاش بولمىغان سۆز بىلەن بىرىككەندە، ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەرقايسى بىردىن تۈركۈملىنىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ياكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى، رۇس تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللاردا سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدە سۆزلەرنىڭ شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا: «كىتاب ئوقۇدۇم»، «كىتابلارنى ئوقۇدۇم» دېگەن ئىككى جۈملىنىڭ بىرىنچىسىدە «كىتاب» بىرلىك ساندا، ئىككىنچىسىدە «كىتابلار» كۆپلۈك ساندا كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق «كىتاب» قاتارلىق ئىسىملار جۈملىگە كىرگەندە بىرلىك ياكى كۆپلۈكتە كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئىسىملار جۈملىدە شەخس ۋە كېلىشلەر بىلەن، پېئىللار جۈملىدە شەخس، سان زامان، راي ۋە پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

سۆز شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قۇرۇلمىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بولۇپمۇ رۇس تىلىدا سۆز ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتمەي بىرىكىش قۇرۇلمىسىغا كىرمەيدۇ. سۆز تۈرلىنىشى سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق فۇنكسىيىسىنى ئۇنىۋېرسال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا سۆزنىڭ تۈرلىنىشىنى، سۆز تۈركۈملىرىنى ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا تامامەن

مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا، شەخس سان ۋە كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىسىم بولىدۇ. شەخس، زامان، راي، پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدىغان سۆزلەر پېئىل بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە ئۆزگىرىشى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقىنى جۈملىدىكى بىرىكىش ئورنىغا قاراپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بۆلەك بولۇپ كېلىدىغىنى سۈپەت، ھالەت بۆلەك بولۇپ كېلىدىغىنى رەۋىش بولىدۇ. بۇ، سۆزلەرنى سۆز تۈركۈمگە ئايرىشنىڭ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپى دەپ ئاتىلىدۇ. مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ بىلەن قۇرۇلما پرىنسىپى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولىدۇ. ئەگەر سۆزنىڭ تۈرلىنىشى گەۋدىلىك بولمىسا ياكى سىنتاكسىسلىق رولى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، سۆز تۈركۈمگە ئايرىشتا يەنىلا سىنتاكسىسلىق رولىغا ئاساسەن ئايرىش كېرەك.

### 3. گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىل بولۇپ، ھەربىر تۈرلىنىش مۇئەييەن گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى، بىرلىك ۋە كۆپلۈك بىلەن تۈرلىنىشى، پېئىللارنىڭ شەخس ۋە پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىدىن ئىبارەت. مورفولوگىيە-لىك تۈرلىنىش سۆزلەرنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى جەھەتتىكى

تۈركۈملىنىشى بولسا، گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش شەكىللىرى ئىپادىلەنگەن مەنىسى جەھەتتىكى تۈركۈملىنىش بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بار بولغان تىللاردا بولىدۇ. بۇ خىل تىللارنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، بۇ خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى ئىگىلەش زۆرۈر.

ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: سىيغا (رود)، سان، كېلىش، زامان، راي، تۈس، شەخس، پېئىل دەرىجىلىرى.

1) سىيغا

سىيغا بولسا بەزى تىللاردىكى ئىسىملارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى بولۇپ، ئادەتتە سۈپەت ۋە ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە سىيغا جەھەتتە ئۆزگىرىپ كېلىدۇ. رۇس تىلى ۋە نېمىس تىلىدا ئىسىم بىلەن سۈپەتتە سىيغىدىن ئىبارەت گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بار. سىيغا، ئەرلەر سىيغىسى، ئاياللار سىيغىسى ۋە ئوتتۇرا سىيغا دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئوخشاشمىغان سىيغىدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ يەردىكى سىيغا بىر خىل گرامماتىكىلىق ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بىئولوگىيىلىك ئۇقۇم بىلەن بىردەك بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، «дéушка» بوۋا، «мужчи́на» (ئەر) سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى «a» بىلەن تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاياللار سىيغىسىغا مەنسۇپ

بولماستىن، بەلكى ئەرلەر سىيغىسىغا مەنسۇپ. رۇس تىلىدا ئىسىملارنىڭ سىيغىسىنى ئادەتتە بىرلىك سانىدىكى باش كېلىشتىكى سۆزنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «завод» (زاۋۇت) بولسا ئەرلەر سىيغىمىسىدىكى ئىسىم، «зешлR̆» (يەر) بولسا ئاياللار سىيغىمىسىدىكى ئىسىم، «дéло» (ئىش) بولسا ئوتتۇرا سىيغىدىكى ئىسىم.

2) سان

نۇرغۇن تىللاردا ساندىن ئىبارەت گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولىدۇ. ساندىن ئىبارەت بۇ كاتېگورىيە ئادەتتە بىرلىك ھەم كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلى، رۇس تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئىسىملار بىرلىك ۋەكۆپلۈك شەكلىدە ئۆزگىرىدۇ [مەكتەپ ـ مەكتەپلەر، водч—зввод، (زاۋۇت ـ زاۋۇتلار)، books—book (كىتاب ـ كىتابلار)،

3) كېلىش

كېلىش بولسا ئىسىم ۋە ئالماشلارنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەكتەپ، مەكتەپنىڭ، مەكتەپنى، مەكتەپكە، مەكتەپتىن، مەكتەپتە» دېگەنلەر «مەكتەپ» دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى بولىدۇ. كېلىش كاتېگورىيىسى بار تىللاردا كېلىشلەرنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلىدا ئالتە كېلىش، ئىنگلىز تىلىدا ئىككى كېلىش، فىنلاند تىلىدا 20 نەچچە كېلىش بار.

4) تۈس

تۇس بولسا ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ — پېئىللاردا بولىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئوخشاشمىغان تىللاردا تۇس كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ئىمكان تۇس شەكلى (ئوينىيالايمەن)، سىناق تۇس شەكلى (كۆرۈپ باق) قاتارلىق تۇس شەكىللىرى بار. رۇس تىلىدا پۈتمىگەن تۇس [лисáтb (يازماق)]، پۈتكۈل تۇس [Налисáтb (يېزىپ بولماق)] شەكىللىرى بار.

5) راي

راي ھەرىكەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى، ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى خالايدىغانلىقىنى، ھەرىكەتنىڭ پەرەز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ پېئىللارنىڭ رايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى (مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن)، بۇيرۇق رايى (ئۇ مەكتەپتە ئوقۇسۇن) ۋە شەرت رايى (ئۇ مەكتەپتە ئوقۇسا، مەنمۇ ئوقۇيمەن). قاتارلىق رايلىرى بار. رۇس تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى (gчигаю газету.) (مەن گېزىت ئوقۇيمەن.)، بۇيرۇق رايى (читай гзету.) (گېزىت ئوقۇغىن.)، Tbl Бbl знал Всю лраВду.) ۋە پەرەز رايىدىن (ئەگەر گېزىت ئوقۇغان بولسىڭىز ئىدى، ھەممە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەن بولاتتىڭىز). (Если Бbl Tbl читал газету، ئىبارەت ئۈچ خىل رايى بار.

6) زامان

زامان پېئىلنىڭ گىراممانىكىلىق كاتېگورىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى تىللاردا پېئىل ئوخشاشمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى، ياكى كېيىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان (يېزىۋاتىمەن)، ئۆتكەن زامان (يازدىم)، كېلىدىغان زامان (يازىمەن) شەكىللىرى بار. رۇس تىلىدىمۇ ئۈچ زامان بار. ھازىرقى زامان [читаю (ئوقۇۋاتىمەن)]، ئۆتكەن زامان [чтал (ئوقۇدۇم)]، كېلىدىغان زامان [GyAyчnamb (ئوقۇيمەن)].

7) شەخس

كۆپلىگەن تىللاردا پېئىل ۋە ئالماش بىردەك شەكىل بىلەن مۇئەييەن شەخس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى، رۇس تىلىدا ئۈچ خىل شەخس بار. سۆزلىگۈچى بىرىنچى شەخس، ئاڭلىغۇچى ئىككىنچى شەخس، ئۆزگە ئۈچىنچى شەخس بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن يازدىم (بىرىنچى شەخس)

سىز يازدىڭىز (ئىككىنچى شەخس)

ئۇ يازدى (ئۈچىنچى شەخس)

gчитаю [مەن ئوقۇيمەن. (بىرىنچى شەخس)]

тblчитаewb [سەن ئوقۇۋاتىسەن. (ئىككىنچى شەخس)]

Ончитаeт [ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ. (ئۈچىنچى شەخس)]

8) پېئىل دەرىجىلىرى

پېئىل دەرىجىلىرى ھەرىكەت بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، پېئىللارغا خاس

گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئادەتتە، ئېنىق دەرىجە ۋە مەجھۇل دەرىجىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: ئېنىق دەرىجە بولسا سۇبىيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەجھۇل دەرىجە بولسا سۇبىيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە ئىنگلىز تىلىدا ئىككى جۈملىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

John is wring a letter. (جون خەت يېزىۋاتىدۇ.)

A letter is being written byJohn (خەت، جون تەرىپىدىن يېزىلىۋاتىدۇ).

ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىق دەرىجە (ئىشچىلار يوللارنى ياسىدى)، مەجھۇل دەرىجە (يوللار ياسالدى)، ئۆزلۈك دەرىجە (ئۇ ئۆيدان ياساندى)، ئۆملۈك دەرىجە (ئۇلار يوللارنى ياساشتى)، مەجبۇرىي دەرىجە (تەشكىل يوللارنى ياساتتى) قاتارلىق بەش دەرىجىلىرى بار.

× • ×

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر ئادەتتە دائىم ئۇچرايدىغان بىرقانچە گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەنچە. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تىلنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنى باشقا بىر خىل تىلغا مەجبۇرىي تاڭماسلىق كېرەك.

گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر تۇراقلىشىپ قېلىپ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. مەسىلەن: قەدىمكى ئىن

گلىز تىلىدا ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ سىيغادىن ئىبارەت
گراممatikiلىق كاتېگورىيىسى بار ئىدى، لېكىن ھازىرقى
زامان ئىنگىلىز تىلىدا بۇ خىل كاتېگورىيە يوقالغان. يەنە
مەسىلەن، قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمنىڭ تۆت خىل
«كېلىشى» بار ئىدى: باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، بېرىش
كېلىش، ئىگىلىك كېلىش. ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا
ئالدىنقى ئۈچ خىلى بىرىكىپ بىر خىلغا ئايلىنىپ قالغان،
شۇڭلاشقا پەقەت ئىككى خىل كېلىش بار.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «سىيغا»، «سان»، «كېلىش»
لەر بولسا ئىسىملارغا خاس بولغان گراممatikiلىق كا-
تېگورىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۈپەتلەر، ئىسىملارغا ئەگە-
شىپ ئۆزگىرىدىغان (تۈرلىنىدىغان) بولغانلىقتىن، ئۇلاردىمۇ
بۇ خىل كاتېگورىيىلەر بولىدۇ؛ «زامان»، «راي»، «تۈس»،
«شەخس»، «پېئىل دەرىجىلىرى» بولسا پېئىللارغا خا-
گراممatikiلىق كاتېگورىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەربىر گراممatikiلىق كاتېگورىيىنىڭ تۆۋەندىكىدە
بىرقانچە ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ:

بىرىنچى، ئورتاق مەنا دائىرىسى بولىدۇ. بىرلىك ۋە
كۆپلۈك ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن سان، ئۆتكەن زامان،
ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامان ھەممىسى ۋاقىتنى بىل-
دۈرىدۇ. بىز سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن
مەنا دائىرىسىگە ئاساسەن ھەرقايسى تەركىبلەرنى ئومۇم-
لاشتۇرۇپ، بىر گراممatikiلىق كاتېگورىيىگە يىغىنچاقلايمىز.
بىر گراممatikiلىق كاتېگورىيىدىكى ھەرقايسى ئۆزگىرىش
شەكلى ئىپادىلىگەن مەنا ئورتاق مەنا دائىرىسىدىكى ئوخ-

شاشمىغان مەنىلەردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بىر گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىچىدىكى ھەرقايسى ئۆزگىرىش شەكىللىرى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولىدۇ ۋە بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. بىردىكىش جەريانىدا A شەكىل تاللانسا، B ياكى C شەكىل چەتكە قېقىلىدۇ. بەزى تاللاش مەنا جەھەتتىن بەلگىلەنسە، بەزى تاللاش قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا چەكلىنىش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. «بىز كەلدۇق» دېگەن جۈملىدە «بىز» نىڭ كۆپلۈكتە كېلىشى، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانىدا كېلىشىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن بەلگىلىگەن، لېكىن پېئىلنىڭ بىرلىك «كەلدىم» دە كەلمەي، بەلكى كۆپلۈك «كەلدۇق» تا كېلىشىنى ئالدىدىكى «بىز» بەلگىلىگەن.

ئۈچىنچى، بىر گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەر ئىپادىلىگەن مەنا ئۆزى تەرتىپىدىنلا بەلگىلىنىپ قالماي، يەنە ئۇ ۋە باشقا تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چەكلىنىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم بىر تەركىبنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، باشقا تەركىبلەرنىڭ مەنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىش ياسايدۇ. تەركىبلەرنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىمۇ باشقا تەركىبلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى زامان رۇس تىلىدا ئىشلار بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ بۆلۈنىدۇ، ئەمما قەدىمكى رۇس تىلىدا بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك دەپ بۆلۈنەتتى. ئىككىلىكنىڭ يوقلىشى كۆپلۈكنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتتى. كۆپلۈك ھازىرقى زامان رۇس تىلىدىكى بىردىن ئارتۇق

بولغانىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما قەدىمكى رۇس تىلىدا بولسا ئىككىدىن ئارتۇق بولغانىنى ئىپادىلەيتتى.

## ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش ۋە جۈملە تىپلىرى

يۇقىرىدا، بىز جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. قائىدە بويىچە تۈزۈلۈپ چىقىلغان ھەربىر جۈملە گراماتىكىلىق نۇسخا (فورما) جەھەتتىن يەككە - يېگانە بولماستىن، بەلكى باشقا جۈملە نۇسخىلىرى بىلەن ھەرخىل مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىردىنبىر گراماتىكىلىق نۇسخا دائىرىسىنى تېپىپ چىقىپ، بىرقانچە نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۈملىلەر ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: بايان جۈملە، سوئال ۋە بۇيرۇق جۈملە قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى جۈملە تىپىنى يەنە ئىچكى جەھەتتىن ئىنچىكىلەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بايان جۈملىنى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بايان جۈملە قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ جۈملە تىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بايان جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالمىشىش ھەرقايسى تىللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ئۇيغۇر تىلىدا بولۇشلۇق جۈملىنى بولۇشسىز جۈملىگە ئالـ



خەۋەرى ئۆرگىنى

سۆزنى

سۆزگە ئا

(بۇ

## تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىقى ۋە تۇرغۇنلۇقى

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئاۋۇشى بىلەن مەنىسىنىڭ بىرىكىشىنىڭ ئىختىيارىيلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن بېكىتىلىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن بولىدۇ. ئاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىكى ئىختىيارىيلىق ئىنسانلار تىلىنىڭ ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك بولۇشىدىكى بىر ئاساسى سەۋەب. ھەرخىل تىللار ئوخشاش بولمىغان ئاۋۇشلار ئارقىلىق ئوخشاش شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «书»، ئىنگلىز تىلىدىكى «book»، ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب») يەنە، ئوخشاش بىرخىل ئاۋۇشلار ئوخشاش بولمىغان شەيئىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن (مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «糖» (شېكەر)، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاڭ» (سەھەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش). بۇ ئەھۋاللار تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بەلگىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتى يەقەت بەلگە نى ياراتقان چاغدىكى ئەھۋالنى ئىگىلا ئەكىس ئەتتۈرىدۇ. بەلگە ئالاقىلىشىشكە كىرگەندىن كېيىن، بەلگىلىك بىر ئاۋۇش

ئۇ كەلدىمۇ؟ (بولۇشسىز قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئار-
قىلىق) بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋىرى بىر خىل پېئىل دەرىجىسى بىلەن كەلگەن جۈملىنى باشقا بىر خىل پېئىل دەرىجىسى بىلەن كەلگەن جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، پېئىل دەرىجىلىرىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى ئارقىلىق بولىدۇ.

بايان جۈملىنىمۇ بۇيرۇق جۈملىگە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بايان جۈملىنى بۇيرۇق جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، جۈملە ئىنتوناتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كەلدى. ئۇ كەلسۇن.

ئۇ كەتتى. ئۇ كەتسۇن.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش گىراماتىكىلىق نۇسخىلارنىڭ قائىدىلىك ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇ بىر گىراماتىكىلىق نۇسخا دائىرىسىدىن ھالقىپ، ھەرقايسى نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، بىز بەزى تەركىبلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىمىز ياكى بەزى تەركىبلەرنى قىسقارتىمىز، ياكى كۆپەيتىمىز. بۇ خىل تەتقىقات گىراماتىكىلىق تەھلىلنى ئىنچام ۋە ئېنىق قىلىپلا قالماي، بەلكى سىنتاكسىلىق مەنىداشلىق ۋە سىنتاكسىلىق كۆپ مەنىلىك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ماشتۇرغاندا، ئادەتتە ئەگەر جۈملىنىڭ خەۋىرى تۇرغۇن سۆزدىن بولسا، تۇرغۇن سۆزنىڭ كەينىگە «ئەمەس» سۆزىنى قوشۇش ياكى بولۇشلۇق سۆزنى، بولۇشسىز سۆزگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىيىم پاكىز. بۇ كىيىم پاكىز ئەمەس. (بۇ كىيىم پاسكىنا)

ئۇ ئوقۇغۇچى. ئۇ ئوقۇغۇچى ئەمەس.

ئەگەر جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلدىن بولسا، پېئىلنى بولۇشسىز پېئىلغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. ئۇ زاۋۇتتا ئىشلىمەيدۇ.

مەن كىنو كۆردۈم. مەن كىنو كۆرمىدىم.

خەنزۇچىدا، بولۇشلۇق جۈملىنى بولۇشسىز جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدە، قايسى سۆزنى ئىنكار قىلماقچى بولسا، شۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «不»، «没» (没有) قوشۇپ قويۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

这衣服干净· (بۇ كىيىم پاكىز)

这衣服不干净· (بۇ كىيىم پاكىز ئەمەس)

我洗衣服· (مەن كىيىم يۇيىمەن)

我不洗衣服· (مەن كىيىم يۇمايمەن)

بۇ يەردىكى بولۇشسىز جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشلۇق جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كەلگەن.

بايان جۈملە بىلەن سوئال جۈملىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرغاندا، بىرقانچە خىل شەكىل بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ كەلدى» دېگەن جۈملىنى سوئال جۈملىگە ئالماشتۇرساق:

ئۇ كەلدى؟ (ئىنتوناتسىيىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق)

ئۇ كەلدىمۇ؟ (بولۇشسىز قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئار-قىلىق) بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەرى بىر خىل پېئىل دەرىجىسى بىلەن كەلگەن جۈملىنى باشقا بىر خىل پېئىل دەرىجىسى بىلەن كەلگەن جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، پېئىل دەرىجىلىرىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى ئارقىلىق بولىدۇ.

بايان جۈملىنىمۇ بۇيرۇق جۈملىگە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بايان جۈملىنى بۇيرۇق جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، جۈملە ئىنتونانسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كەلدى. ئۇ كەلسۇن.

ئۇ كەتتى. ئۇ كەتسۇن.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش گىراماتىكىلىق نۇسخىلارنىڭ قائىدىلىك ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇ بىر گىراماتىكىلىق نۇسخا دائىرىسىدىن ھالقىپ، ھەرقايسى نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزگەرتىپ ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، بىز بەزى تەركىبلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىمىز ياكى بەزى تەركىبلەرنى قىسقارتىمىز، ياكى كۆپەيتىمىز. بۇ خىل تەتقىقات گىراماتىكىلىق تەھلىلنى ئىنچام ۋە ئېنىق قىلىپلا قالماي، بەلكى سىنتاكسىسلىق مەنىداشلىق ۋە سىنتاكسىسلىق كۆپ مەنىلىك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى «письмó» (خەت) سۆزىدىكى «о —» بىر ۋاقىتتا سىيغا، بىرلىك ۋە باش كېلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل مەنىلەر يەنە باشقا تۈرلىگۈچى مورفېمىلار بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، رۇس تىلىدىكى «поле» (ئېتىز - دالا)، «знамg» (تۇغ) لاردىكى е —، Mg — ئوخشاشلا سىيغا، بىرلىك ۋە باش كېلىشلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاگگلىيۇتىناتىۋ تىللاردا يىلتىز بىلەن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ناھايىتى زىچ بىرىككەن بولىدۇ. يىلتىز، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىدىن ئىبارەت بۇ خىل مورفېمىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى «перо» (گاڭبى ئۇچى) دىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە «о —» ئېلىۋېتىلسە، يىلتىز «пер» مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. رۇس تىلى، نېمىس تىلى قاتارلىق تىللار بۇ خىل تىل تىپىغا ياتىدۇ.

فلېكتىۋ تىللارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ تىللاردىكى سۆزلەردە ئىچكى ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ھەربىر تۈرلىگۈچى مورفېما بىر گراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەربىر گراماتىكىلىق مەنا بىر تۈرلىگۈچى مورفېما ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىر سۆز ئەگەر ئۈچ خىل گراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرۈشى كېرەك بولۇپ قالسا، ئۈچ خىل تۈرلىگۈچى مورفېما ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يىلتىز بىلەن تۈرلىگۈچى مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش ئانچە چىڭ بولمايدۇ. ئىككىسىنىڭ مۇستەقىللىقى خېلى چوڭ بولىدۇ. تۈرلىگۈچى مورفېمىلارنى

يىلتىزغا چاپلاپ قويغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوقۇغۇچىلىرىمىز» دېگەن سۆزنى ئالساق، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزگە «- لار» ۋە «- مىز» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. ئۇيغۇر تىلى، ئۆزبېك تىلى، تۈرك تىلى، فىنلاند تىلى، ياپون تىلى ۋە چاۋشيەن تىلى قاتارلىق تىللار بۇتىپقا ياتىدۇ.

پولىسىنتېتىك تىللاردا بىر سۆز بىرقانچە مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. بەزى مورفېمىلار بىر بوغۇمغا يەتمەيدۇ. بۇ خىل تىپتىكى تىللار كۆپىنچە ئىندىيان تىللىرىدا ئۇچرايدۇ. مىنومىن تىلىدىكى «akuapiinam» بىر سۆز «ئۇ سۇدىن ئېلىپ چىقتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىگە تۆۋەندىكى مورفېمىلارنى ئالغان: يىلتىز «akua» (ئالماق) نى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار «— epii —» (سۇيۇقلۇق)، «— ne» (قول بىلەن)، «am» (ھەرىكەت قىلغۇچى ئۈچىنچى شەخس).

2. تىللارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

تىللاردا ئىندىۋىدۇئاللىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئورتاقلىقمۇ بار. ئورتاقلىق جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، ھەرقايسى تىللارنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى بىرقانچە تىپقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ھەر خىل قۇرۇلما تىپلىرىدىمۇ يەنە ئورتاقلىق بار. ئەڭ ئومۇمىي ئورتاقلىق بولسا، تىل قۇرۇلمىسىنىڭ لايىھىلىنىش پرىنسىپى. بۇ، تىلنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش خاراكتېرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىدىكى ھەرقايسى بابلاردا سۆزلەنگەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغاندا، بىز شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، تىل تاۋۇشلارنى ئۆزىنىڭ ماددىي پوستى قىلىدۇ. ئۇنىڭ

نەچچە ئون فونېمىسى ھەر خىل بىرىكىشلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇلار مەنە بىلەن بىرىكىپ مورفېمىلارنى تۈزىدۇ. مورفېمىلار يەنە مۇئەييەن قائىدىلەر بويىچە ئۆزئارا بىرىكىپ سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەرنى تۈزىدۇ. تىلدىكى فونېما، مەنە، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مورفېما، سۆز قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەر خىل تۈركۈملىنىشى بار. بۇ تۈركۈملىنىشلەر، بىرىكىشنىڭ ئاللەۋىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن تىل ھەرقايسى قاتلامدىكى بىرلىكلەرنىڭ تۈركۈملىنىش ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان قۇرۇلما تىپلىرى ئوخشاش قۇرۇلما قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ.

تىللارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ھەرقايسى تەشكىلىي قىسىملار، مەسىلەن، فونېتىكا، گرامماتىكا ۋە سېمانتىكادىمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بۇ «ئومۇمىي ئالاھىدىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1) ھەممە تىللاردا دائىم ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە بولىدۇ (ئەمەت كەلدى).

2) ھەممە تىللاردا سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. (كىچىك بالا). رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز سۈپەتنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ (ناھايىتى ياخشى).

3) ھەممە تىللاردا پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزگە

ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بولىدۇ (كەل ـ كېلىش، ماڭ ـ مېڭىش). پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەرنى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆزلەرگە ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى بولىدۇ (كەل ـ كەلگەن، ئال ـ ئالغان).

4) ھەممە تىللاردا بىرقانچە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بولىدۇ (كىتاب ۋە قەلەم، بەخت ـ سائادەت)، بىرقانچە پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بولىدۇ (ئالدى ـ بەردى، باردى ـ كەلدى، سىناپ باقماق، ئاچقىلىپ كەتمەك).

5) ھەممە تىللاردا بولۇشسىز جۈملە (ئۇ كەلمىدى) ۋە سوئال جۈملە بولىدۇ (ئۇ كەلمەمدۇ؟) ھەممە تىللاردا بەزى جۈملىلەرنى بۇيرۇق جۈملىگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ (تېز ئۆچ!).

6) ھەممە تىللاردا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىلەن پېئىل خاراكتېرلىك سۆزدە ئاز دېگەندە ئىككى خىل مۇناسىۋەت ئۇسۇلى بولىدۇ. م «قۇش ئۇچتى» (ھەرىكەت ئۆزىگە ئۆتىدۇ)، «قۇش قۇرتنى يېدى» (ھەرىكەت باشقىلارغا ئۆتىدۇ).

تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر ھەممە تىللارغا باب كېلىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر. يەنە بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ، مەسىلەن: ھەممە تىللاردا ئىسىم بولىدۇ،

ئاتىلىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى مۇھىم نەرسە... ① ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

ئاسمان، يەر، كۈن، ئاي، گۈلدۈرماما، سۇ، ئوت، تاغ، گۈل، دېڭىز، ئادەم، ئات، كالا، قوي، ئاتا - ئانا، تاغا، ئەر، ئايال، قېرىنداش، ھەدە، سىڭىل، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، قول، پۇت، يۈرەك، ئۆپكە ئۈچەي، ئاشقازان، يۇقىرى، تۆۋەن، ئالدى، كەينى، ئوڭ، سول، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال، باھار، ياز، كۈز، قىش، بىر، ئىككى، ئۈچ، ئون، يۈز، مىڭ، تۈمەن، پىچاق، بولقا، سوقا، ئوتنغۇچ، كەتمەن، ھارۋا، تۇغۇلماق، ئۆلمەك، يېمەك، سۆزلىمەك، تۇرماق، ماڭماق، يۈگۈرمەك، كۆرمەك، ئۇخلىماق، سورىماق، ئاڭلىماق، كىرمەك، ئۇچماق، چوڭ، كىچىك، كۆپ، ئاز، ئۇزۇن، قىسقا، قىزىل، ئاق، يېشىل، كۆك قاتارلىقلار.

بۇ سۆزلەر ئىنسانلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئىشلىتىدىغان، ئۇنچايلىقچە ئۆزگىرىش بولمايدىغان، نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەزەلدىن بار بولۇپ، كېيىن ياسالغان ئەمەس. بۇلار ئادەتتە

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» (31 - بەت) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1974 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

بىر سۆز يىلتىزىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تۈپ سۆزلەر يېڭى سۆزلەرنى ياساشنىڭ ئاساسى. بۇ سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇمۇمي خەلقنىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان بولۇشى، تۇراقلىق بولۇشى ۋە سۆز ياساش ئىقتىدارى بولۇشى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «يول»، «قول» سۆزلىرىنى ئالساق، خەلقىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزلەر. بۇ سۆزلەرنىڭ تۇراقلىق-لىقى كۈچلۈك. باشقا مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ «تاشيول»، «تۆمۈريول»، «قول ھۈنەر»، «قول سانائەت»، «قولقاپ» قاتارلىق سۆزلەرنى ياسىغان.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبى تىلدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ھازىرغا قەدەر كۈندىلىك ئالاقىلىشىشتا مۇستەقىل ئىشلىتىلى-كېلىنگەن سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر تۇراقلىق بولسىمۇ، لېكىن تىل تەرەق-قىياتى جەريانىدا ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «خەلق» سۆزىنى «بودۇن»، «ئاتا» سۆزىنى «قاڭ»، «ئانا» سۆزىنى «ئۆگ»، «دەريا» سۆزىنى «ئۆگۈز»، «دۇنيا» سۆزىنى «ئەبۈن» دەيتتى. لۇغەت تەركىبى-دە يېڭى سۆزلەر بىلەن كونا سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمى-شىشى بولسىمۇ، لېكىن لۇغەت تەركىبىنىڭ يادروسى — ئاساسىي لۇغەت تەركىبى، سۆز ياساش ماتېرىياللىرى ئىنتا-يىن تۇراقلىق بولىدۇ. بۇ ئالاقىلىشىشنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى

سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدىكى سۆزلەر ئومۇمىي خەلق دائىم ئىشلىتىدىغان ياكى مەلۇم مەزگىل ئومۇمىي خەلق ئورتاق ئىشلەتسىمۇ، لېكىن تۇراقلىق ئەمەس. ئومۇمىي خەلققە ئورتاق چۈشىنىشلىك بولمىغان، ئادەتتە سۆز ياساش ئىقتىدارى يوق ياكى ئاجىز بولغان سۆزلەردۇر. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ، تەركىبى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشى تېز بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى سۆزلەر («ئۈنئالغۇ»، «چايدان»، «كۆلدان»)، قەدىمكى سۆزلەر («ياۋ»، «يېغا»، «ئوتقاش»)، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر («مېخانىكا»، «گاز»، «تېلېۋىزور»)، كەسپىي سۆز ھەم پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، دىئالېكت سۆزلەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ئالدى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدە ئەكس ئېتىدۇ.

### 2. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى

تىلنىڭ مەنىلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى، سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى (سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن مەنە گراماتىكىلىق مەنە بولىدۇ). يەنە بىرى، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى كىشىلەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان ئىنكاسى ھەمدە بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان شەكىللەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان بىر

سۇبيېكتىپ باھاسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولىدۇ).
بۇ، بىزنىڭ بۇ بابتا تەتقىق قىلىدىغان تېمىمىز.

«تىل تاۋۇشلىرى — مەنە — رېئال ھادىسە» بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋەت فورمۇلىسى بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، سۆز مەنىسى سۆزنىڭ تاۋۇش شەكلى بىلەن بىرىككەن ھالدىكى كىشىلەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان ئىنكاسى. مەسىلەن: «ئادەم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بولسا «adεm» دېگەن بۇ تىل تاۋۇش شەكلى بىلەن بىرىككەن ھالدا «ئىككى پۇتى بىلەن ماڭالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان مەخلۇق» بولىدۇ. رېئال ھادىسە سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئادەم ئىككى پۇتى بىلەن ماڭمايدىغان بولسا، «ئادەم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدە بۇ جەھەتتىكى مەزمۇن بولمىغان بولاتتى. بۇ خىل سۆز مەنىسى سۆزنىڭ ئەقلىي مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولغان رېئال ھادىسىلەرگە بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيەسى ھەر خىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىي مەنە شەكىللىنىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پوزىتسىيەسىنى ئەكسىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۆز مەنىسىگە بىر خىل تۈس قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «ئۆلمەك»، «ۋاپات بولماق»، «قازا بولماق» قاتارلىق سۆزلەردە تۈس ھەر خىل بولىدۇ. يەنە سۆزلەرنىڭ سەلبىي ۋە ئىجابىي تۈسلىرى بولىدۇ. «قوزغاتماق» «ئىلھاملاندۇرماق» سۆزلىرىدە ئىجابىي تۈس بولسا، «قۇتراتماق»، «كۈشكۈرتمەك» سۆزلىرىدە سەلبىي تۈس بولىدۇ. سۆز مەنىلىرىگە قوشۇلغان بۇ خىل تۈسلەر شەخسىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى كۆپچىلىك

ئاشۇنداق ئىشلىتىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي ھادىسە. ئەقلىي مەنە سۆز مەنىسىنىڭ يادرو قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

### 3. سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى

سۆز مەنىسى بولسا، رېئال ھادىسىلەر ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىنكاس، ئومۇملاشتۇرۇش سۆز مەنىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش رېئال ھادىسىلەرگە بولغان تۈرگە ئايرىش بولۇپ، ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھادىسىلەرنى يىغىنچاقلاپ، ئۇلارغا نام بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۈرىدۇ. نام بىر خىل تۈردىكى شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ئايرىم شەيئىلەر ناھايىتى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەگەر نامى ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، پۈتۈن بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاقلىقى ھەممە باشقا شەيئىلەر بولغان پەرقى گەۋدىلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا نام بولغاندا، كىشىلەر رېئال ھادىسىلەردىكى ئالاھىدە نەرسىلەرنى ئومۇمىي، ئادەتتىكى نەرسە دەپ تونۇپ، مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئاددىي نەرسە قىلىپ بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: رېئال دۇنيادىكى ئالمىلارنىڭ سورتى، تەمى، رەڭگى، شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىدە پەرقلەر بولىدۇ، لېكىن تىلدا بۇلارغا ئورتاق قىلىپ «ئالما» دەپ نام بېرىپ، ھەر خىل ئالمىلارنى بىر تۈرگە يىغىنچاقلىغان. «ئالما» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ خىل مېۋىنىڭ سورتى، تەمى، رەڭگى، شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە قارىماي، بارلىق ئالمىلارغا ئورتاق بولغان بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاش-

تۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق
باشقا مېۋىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ
ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى ئالاھىدە مۇرەككەپ بولغان نەرسىلەرنى
ئومۇمىي ۋە ئاددىي نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئادەتتىكى،
ئاددىي نەرسىنىڭ ئۆزىدە، ئادەتتە مۇئەييەن غوۋالىق بولىدۇ،
ئۇنىڭ پەقەت تەخمىنەن بىر دائىرىسى بولىدۇ، ئېنىق
چېگرىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: «نامازشام» ۋە «كەچقۇرۇن»
سۆزلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن دائىرىسى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېنىق چېگرا يوق. ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ
ئاز - تولا غوۋالىق خاراكتېرى بولىسىمۇ، لېكىن پەن - تېخ-
نىكا ئاتالغۇلىرى بۇنداق ئەمەس. ھەربىر ئاتالغۇنىڭ
ئۆزىگە خاس ئېنىق مەنىسى بولىدۇ.

سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقىدا يەنە بىر
ئالاھىدە مەسىلە شۇكى، سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىي خا-
راكتېرنى ئالغان بەزى رېئال ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈر-
دىغان سۆز مەنىسىدە سىنىپىلىق بولمايدۇ (مەسىلەن،
ئادەم، دۆلەت، ئارمىيە، تۈرمە، ئەسكەر قاتارلىق سۆزلەر).
بۇ ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆز مەنىسى ئومۇمىي
خەلقنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدا سىنىپىلىق يوق. چۈنكى، تىل
ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى
بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلى-
شىنىڭ بىر شەرتى. ئۇ سىنىپىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋ
تەرەققىي قىلىشىنىڭ بىر شەرتى ئەمەس.

قىسقىچە ئېيتقاندا، سۆز مەنىسى رېئال ھادىسىلەرگ

بولغان بىر خىل ئابستراكتلاشتۇرۇلغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئومۇمىيلىقى، غۇۋالىقى ۋە ئومۇمىي خەلقچىللىق خاراكتېرى بۇ خىل ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقنىڭ ئۈچ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

## سۆز مەنىلىرىنىڭ تۈركۈملىنىشى

### 1. بىر مەنىلىك سۆز ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز

بىر سۆزنىڭ مەنىسى بىر تۈردىكى رېئال ھادىسىلەرنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشى مۇمكىن ياكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە تۈر رېئال ھادىسىلەرنى يىغىنچاقلاپ ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئالدىنقىسى تىلدا بىر مەنىلىك سۆز، كېيىنكىسى كۆپ مەنىلىك سۆز بولىدۇ. «قوي»، «ئات»، «مۈشۈك» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنىلىك سۆزلەردۇر. پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەممىسى بىر مەنىلىك بولىدۇ ھەمدە ئۇلاردا ھەر خىل تۈس بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئاتوم»، «مولېكۇلا»، «سۇزۇق تاۋۇش»، «ئۈزۈك تاۋۇش» قاتارلىقلار.

بىر سۆز يېڭى پەيدا بولغاندا، ئادەتتە بىر مەنىلىك بولىدۇ. بۇ سۆز قوللىنىش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك مەنىلەرمۇ تەدرىجىي ھالدا بۇ سۆز ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تىلنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ئومۇمەن بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. يېڭى سۆز ياسىماستىن، بىر سۆز

بىلەن قوشۇمچە بىرقانچە مەنىلەرنى ئىپادىلەش تىلىنىڭ ئىقتىسادچىل بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. تىلىنىڭ بۇ تەلىپى سۆز مەنىسىنىڭ غۇۋالىق خاراكتېرى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ چېگرىسى ئىلمىي ئاتالغۇلارغا ئوخشاش ئېنىق بولمايدۇ. ئۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، سىرتقا كېڭىيەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرقانچە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «قىزىل» سۆزى رەڭنىڭ بىر خىلى بولسا، كېيىن بىر خىل كېسەللىكنىڭ نامىنى قوشۇمچە بىلدۈرىدىغان بولدى (بۇ بالىغا قىزىل چىقتى). «ئۆتكۈر» سۆزى ئەسلىدە بىرەر نەرسىنىڭ بىسىنىڭ ئۈتتىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، كېيىن بىلدۈرىدىغان مەنىسى كېڭىيىپ «ئەقىللىق» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش «باسماق»، «قارا» سۆزلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى (تۈپ مەنىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەنە، بۇ سۆزنىڭ باشقا مەنىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسى. سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن كېلىپ چىققان باشقا مەنىسى بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بولىدۇ. مەسىلەن: «سال» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى (تۈپ مەنىسى) «بىرەر نەرسىنى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىچىگە قويماق» نى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى «خەت سالماق»، «يولغا سالماق»، «قولاق سالماق» لاردىكى «سالماق» بولسا «ئەۋەتمەك»، «ئۇزاتماق»، «ئاڭلىماق» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. بۇ

مەنىلەر «سالماق» نىڭ كۆچمە مەنىلىرى بولىدۇ. سانا مۇشۇنداق بىرقانچە مەنىسى بار سۆز كۆپ مەنىلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ھەممە تىللاردا بار. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى «打» (ئۇرماق)، رۇس تىلىدىكى «окнó» (دېرىزە)، ئىنگلىز تىلىدىكى «game» (ئويۇن) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ مەنىلىك سۆزلەردۇر. سۆز مەنىسىنىڭ كۆپىيىشىدە رېئال ئاساس بولىدۇ، يەنى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بىلەن بۇ كۆچمە مەنە كۆرسەتكەن شەيئىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى باغلىنىشلىق بولىدۇ.

بۇ خىل باغلىنىش قانداق قىلىپ يېڭى كۆچمە مەنىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولالايدۇ دېگەندە، بۇ، تىل ئىجتىمائىيىتىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئەمگەك شارائىتى، ئۆرپ - ئادىتى ھەمدە ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى، تىل تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا، ئوخشاش بىر تۈردىكى رېئال ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز مەنىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئۆز ئالدىغا بىسىپ ئۆتكەن جەريانى بولىدۇ. رۇس تىلىدىكى Зелёный سۆزى «يېشىل رەڭ»، «تېخى پىشمىغان مېۋە»، «ياش ۋە تەج-بىسىز» دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى، تېخى پىشمىغان مېۋىنىڭ رەڭگى يېشىل بولىدۇ، ئەمدى تەجرىبىسىز ياش ئادەم مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئالغاندا تېخى پىشمىغان مېۋىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا «يېشىل» سۆزى بىر مەنىلىك سۆز. چۈنكى، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار بۇ

شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئارىسىدا بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى تېخى تۇرغۇزمىغان. خەنزۇ تىلىدا رۇس تىلىدىكى Зелёный غا مۇناسىپ كېلىدىغان «青» (كۆك) سۆزى بار. «青» نىڭ Зелёный غا ئوخشاش كۆچمە مەنىسى بار. مەسىلەن، «青年»، «青黄不接». شۇڭلاشقا كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بىلەن بۇ خىل كۆچمە مەنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەسلى مەنە ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت. بۇ ئىككىسى كۆرسەتكەن شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك بۇ خىل باغلىنىشنى تۇرغۇزۇشتىكى كۆۋرۈك. كۆچمە مەنە بۇ كۆۋرۈككە تايىنىپ، ئەسلى مەنىدىن تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ.

سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىرى ئادەتتە ئوخشىتىش قاتارلىق يوللار بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىك-تاك توپ»، خەنزۇ تىلىدىكى «傀儡» (قورچاق)، رۇس تىلىدىكى «перо́» (گاڭبىنىڭ ئۇچى)، ئىنگلىز تىلىدىكى «pen» (گاڭبى) سۆزلىرى بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ياسالغان سۆزلەردۇر.

## مەنىداش سۆزلەر

تىلدا يەنە ئېيتىلىشى (تاۋۇش شەكلى) ئوخشاشمايدىغان، لېكىن مەنىسى ئوخشاش ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر

مەنداش سۆزلەر (سىنونىم سۆزلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| A | B |
| --- | --- |
| ئادەم — كىشى | مۇستەھكەم — چىڭ |
| جوزا — شىرە | گۈزەل — چىرايلىق |
| ئىشتان — كۇسار | ھۆرمەتلىمەك — ئىززەتلىمەك |
| ئاپا — ئانا | ئارام ئالماق — دەم ئالماق |
| چاپسان—تېز—ئىلدام | باتۇر — قەھرىمان |

بۇ يەردىكى بىر جۈپ يېزىلغان ئىككى سۆزنىڭ ھەممىسى مەنداش سۆزلەردۇر. A، B نىڭ پەرقى بولسا A گۇرۇپپىدىكى بىر جۈپ سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش، B گۇرۇپپىدىكى بىر جۈپ سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىنچىكە پەرق بار. بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مەنداش سۆزلەر. ئەمدى A گۇرۇپپىدىكى بىر جۈپ يېزىلغان سۆزلەر بولسا، مۇتلەق مەنداش سۆزلەردۇر. تىلدا مۇتلەق مەنداش سۆزلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، مەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان مەنداش سۆزلەر خېلى كۆپ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن رېئال ھادىسە چوقۇم ئوخشاش بولۇشى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. بۇنى رەسىم بىلەن كۆرسەتكەندە، ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:



8 - رەسىم



7 - رەسىم

7 - رەسىمدە A بىلەن B ئاساسىي جەھەتتىن ئۈستمۇ ئۈست چۈشىدۇ

8 - رەسىمدە A بىلەن B ئۈستمۇ ئۈست چۈشىدۇ.

ئەگەر 9 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك B مەنە A نىڭ ئىچىدە بولسا. A بىلەن B دا مەنىداشلىق يوق بولىدۇ. بۇ دېمەك، چوڭ تۈرنى بىلدۈرگۈچى سۆز ۋە بۇ چوڭ تۈر ئىچىدىكى مەلۇم بىر كىچىك تۈرنى بىلدۈرگۈچى سۆز ئىككىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر» بىلەن «ئوغۇل»، «ئايال» ۋە «قىز» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.





9 - رەسىم

مەنىداش سۆزلەر ھەرقايسى تىللاردا مەۋجۇت. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى «教室—课室» (سىنىپ - دەرسخانا)، «成果 — 后果» (نەتىجە - ئاقىۋەت)، رۇس تىلىدىكى

«мать — мама — маменька — мамочка» (ئانا)، ئىنگلىز تىلىدىكى «little — small» (كىچىك) سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى مەنىداش سۆزلەردۇر.

تىلدىكى مەنىداش سۆزلەر كۆپىنچە دىئالېكتلار ياكى چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش يولى بىلەن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: دادا — ئاتا، ئانا — ئاپا، ھەدە — ئاچا، چىرايلىق — گۈزەل — كۆركەم، خۇدا (پارسچە) — ئاللا (ئەرەبچە)، ئوقۇتقۇچى — مۇئەللىم (ئەرەبچە) ۋە باشقىلار.

سۆز مەنىسى ئەقلىي مەنە ۋە قوشۇمچە تۇس مەنىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنىداش سۆزلەردىكى «ئوخشاشلىق»، ئەقلىي مەنىسى جەھەتتىكى ئوخشاش بولۇش ياكى ئاساسەن ئوخشاش بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. «ئاساسەن ئوخشاش» دېگەنلىك، سۆز مەنىلىرى ئارىسىدا يەنە مەنە جەھەتتىن ئىنچىكە پەرقلەر بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەرقلەر بىر تەرەپتىن سۆزلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۆز مەنىسىنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن تەرىپى ۋە نۇقتىسى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ ياكى سۆز مەنىلىرىنىڭ قوشۇمچە بىلدۈرىدىغان تۇس مەنىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوخشاشماسلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر سۆز ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن مەلۇم بىر خىل رېئال ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىر گۇرۇپپا مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمەت ۋەزىپىسى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى

«ھامىلدار بولماق»، «بوغاز بولماق» سۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەيدىغان ئەقلىي مەنىسى ئوخشاش، لېكىن سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتىن بۇ سۆزلەردە پەرق بار. «ھامىلدار بولماق» سۆزى ئاياللارغا ئىشلىتىلسە، «بوغاز بولماق» سۆزى ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككى مەنداش سۆزنىڭ مەنىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلغان ھادىسە گەرچە بىردەك بولسىمۇ ياكى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن تەكىتلىنىدىغان نۇقتا ۋە تەرەپلەردە ئاز - تولا پەرق بولۇشى مۇمكىن. بۇ، سۆزنىڭ ئەقلىي مەنىلىرى جەھەتتىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «نەتىجە»، «ئاقىۋەت» سۆزلىرى «شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھالىتى» نى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن «نەتىجە» سۆزى كۆپىنچە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلىنىپ يەتكەن ئاخىرقى ھالىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمدى «ئاقىۋەت» بولسا ئادەتتە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەتمەي كېلىپ چىققان ھالەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىلدا بۇنداق مەنداش سۆزلەر كۆپ بولىدۇ. بۇ تىلنىڭ موللۇقىنى ۋە تەرەققىي تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنداش سۆزلەر بىر شەيئىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى تەكىتلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، تىل تەرەققىيات جەريانىدا دائىم دېگۈدەك بۇ خىل مەنداش سۆزلەرنى

بىر ـ بىرىگە قوشۇپ ئىشلىتىپ پۈتۈن بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇلار قاتتقان شەكىلدىكى قوشما سۆز (جۈپ سۆز) گە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ساق ـ سالامەت، بەخت ـ سائادەت، توي ـ تۆكۈن، قەدىر ـ قىممەت، مېھىر ـ شەپقەت ۋە باشقىلار.

ئوخشاش بىر خىل رېئال ھادىسىگە، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پوزىتسىيىسى بىر خىل بولماسلىقى مۇمكىن. ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بار. ئىشلىتىلىشى جەھەتتە كۆپرەك يېزىق تىلىدا ياكى جانلىق تىلدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بار. بەزى سۆزلەر رەسمىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ، بەزى سۆزلەر بولسا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدۇ... بۇلار مەنىداش سۆزلەرنى ھەر خىل تۈسلەرگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ياشانغان كىشىلەرنى «بوۋاي» دېسە، يامان كۆرىدىغانلارنى «قېرى» دەپ ئاتاش، ئىجابىي جەھەتتە «قوزغاتماق» سۆزى ئىشلىتىلسە، سەلبىي جەھەتتە «قۇتراتماق» ياكى «كۈشكۈرتمەك» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. رەسمىي سورۇن ۋە يېزىق تىلىدا «ۋاپات بولماق» سۆزى كۆپرەك ئىشلىتىلسە، ئادەتتە «ئۆلمەك» سۆزى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

تىلدىكى سۆزلەردە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر خېلى كۆپ بولىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى مەنىلىرى باشقا سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: كۆپ مەنىلىك «قارا» سۆزىنىڭ «قارا چاپلىماق» دېگەن بىر مەنىسى «تۆھمەت چاپلىماق»

سۆزىنىڭ مەنىسى بىلەن مەنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغانغا ئوخشاش.

مەنداش سۆزلەرنىڭ تىلدا ئىشلىتىلىشى كىشىلەرنىڭ توغرا ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ئۈچۈن ھەر خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەنداش سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش بىر خىل تىل سەنئىتىدۇر. ئۇ، گەپ ـ سۆزلەرنى توغرا، ئوبرازلىق، جانلىق قىلىپ، بىر سۆز تەكرار ئىشلىنىشتىن خالىي قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە، مەنداش سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، يازغۇچىلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى توغرا تەسۋىرلەپ بېرىشىگە، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

### 3. ئاھاڭداش سۆزلەر

تىلدا يەنە ئېيتىلىشى ئوخشاش، لېكىن مەنىسى ھەر خىل سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر (ئومونىم سۆزلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئات» (نام، ئىسىم)، «ئات» (تاشلا) ۋە «ئات» (بىر خىل ھايۋاننىڭ نامى) سۆزلىرى؛ «تاڭ» (سەھەر)، «تاڭ» (بىلمەسلىك)، «تاڭ» (سەھەر)، سۆزلىرى؛ «يار» (قىيا)، «يار» (يارماق)، «يار» (سۆيگىنى) سۆزلىرى؛ خەنزۇ تىلىدىكى «事物» (شەيئى) ۋە «事物» (ئىش، خىزمەت) سۆزلىرى؛ رۇس تىلىدىكى «мир» (تىنچلىق) ۋە «мир» (دۇنيا) سۆزلىرى؛ ئىنگلىز تىلىدىكى «nail» (تىرناق) ۋە «nail» (مىخ) سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. بەزى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن يېزىلىشى بىر خىل بولسا، بەزى ئاھاڭداش سۆز-

لەرنىڭ ئىپتىلىشى بىر خىل، يېزىلىشى ھەر خىل بولىدۇ.
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئىپتىلىشى بىلەن يېزىلىشى بىر خىل، ئەمدى خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىپتىلىشى بىلەن يېزىلىشى بىر خىل بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئىپتىلىشى بىر خىل بولۇپ، يېزىلىشى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: «市场» (بازار) ۋە «试场» (ئىمتىھان مەيدانى). بۇلار يېزىلىشى ھەر خىل لېكىن ئىپتىلىشى بىر خىل بولغان ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. «生» (يات) ۋە «生» (تۇغماق) بۇلار ئىپتىلىش بىلەن يېزىلىشى بىر خىل بولغان ئاھاڭداش سۆزلەردۇر.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى كونكرېت تىل شارائىتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات،
ياخشىلىق قىل بالام يامانلىقنى ئات.
نەسىھىتىم، ياد قىلغۇال پەرزەنتىم،
يالغۇز يۈرسە، چاڭ چىقىرالماس ياخشى ئات.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىردىكى ئاھاڭداش سۆزلەردىن بولغان «ئات» نىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭلاشقا ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تىلدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇزئارا ئالاقىلىشىشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تىلنى ئىشلىتىشتە ئاكتىپ رولى بار. ئاھاڭداش سۆزلەر تىلنى جانلىق، گۈزەل ۋە تەسىرلىك قىلىش رولىنى

ئوينايدۇ. ئادەتتە تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر ئانچە كۆپ بولمايدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا سەۋەبلەر ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەسلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئاجىزلىشىپ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن [كۆك (ئاسمان)، كۆك (رەڭ)، كۆك (كۆكتات)]؛ تاۋۇشلارنىڭ تاسادىپىي ئوخشىشىپ قېلىشى بىلەن [تال (ئورگانىزمدىكى بىر ئەزا)، تال (دەرەخ)]؛ تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزى سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن [«ئۆرت» (ئوت - چۆپ) سۆزى ئۆزگىرىپ «ئوت» (ئاتەش) گە ئوخشاش بولۇپ قالغان]؛ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى تۈپ سۆزلەرگە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنىڭ باشقا تۈپ سۆزلەرگە ئوخشىشىپ قېلىشى بىلەن [سالما (كەسلەنچۈكنىڭ بىر تۈرى)، سالما (ئات تۇتىدىغان قىل ئارغامچا)]؛ چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تاۋۇش شەكلىنىڭ تىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرگە ئوخشىشىپ قېلىشى بىلەن [چەك (ئارىلىق، پاسىل)، چەك (بانكىنىڭ چېكى)] پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق، ئەكسىچە كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ ھەرقايسى مەنىلىرى ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىش بار. ئاھاڭداش سۆزلەر بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇ سۆز مەنىلىرىنىڭ

تۈركۈملىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەكسىچە كۆپ مەنىلىك سۆز بولسا بىر سۆزنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، سۆز مەنىلىرىنىڭ بىر خىل تۈركۈملىنىش شەكلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى سۆزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

| A | B |
|---|---|
| ياش:<br>1. تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ياشىغان يىللارنىڭ سانى (ئۆمۈر ھېسابى)، مەسىلەن، ئۇ 20 ياشقا كىردى.<br>2. قېرى ئەمەس (نەۋقىران)، مەسىلەن، ياش يىگىت.<br>3. ياشلىققا، ياشلىق دەۋرگە خاس. مەسىلەن: ياش كۈچ | ياش:<br>كۆزدىن ئاقىدىغان سۈزۈك سۇيۇقلۇق. مەسىلەن: ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتى |

A دىكى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ھەرقايسى مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بار. A، B لار ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنا جەھەتتە ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق بولۇپ، بۇلار ئېيتىلىشى ئوخشاش بولغان ئاھاڭداش سۆزلەردۇر.

4. زىت مەنىلىك سۆزلەر

تىلدا يەنە مەنىسى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر زىت مەنىلىك سۆزلەر (ئانتونىم سۆزلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «چوڭ»

ۋە «كىچىك»، «ئۇزۇن» ۋە «قىسقا»، «يۇقىرى» ۋە «تۆۋەن»، «ئېگىز» ۋە «پەس»، «ئوڭ» ۋە «سول»، «ئىسسىق» ۋە «سوغۇق»، «ياش» ۋە «قېرى»، «ئالماق» ۋە «بەرمەك»، «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق»، «ئۇرۇش» ۋە «تىنچلىق»؛ خەنزۇ تىلىدىكى «大» (چوڭ) ۋە «小» (كىچىك)، «正确» (توغرا) ۋە «错误» (خاتا) سۆزلىرى؛ رۇس تىلىدىكى «рабо́та» (خىزمەت) ۋە «о́тдых» (دەم ئېلىش)، ئىنگلىز تىلىدىكى «friend» (دوست) ۋە «enemy» (دۈشمەن) ۋە باشقىلار. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى زىت مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، رېئال ھادىسىلەردىكى ئۆزئارا زىددىيەتلىك ياكى قارىمۇ قارشى ھادىسىلەرنىڭ تىلدىكى ئىنكاسى.

زىت مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر خىل تۈردىكى رېئال ھادىسىلەردىكى قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئۇزۇن» ۋە «قىسقا» سۆزلىرى ئۆلچەم دائىرىسىگە تەئەللۇق. «ئاق» ۋە «قارا» رەڭ دائىرىسىگە تەئەللۇق. «قوللىماق» ۋە «قارشى تۇرماق» مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيە دائىرىسىگە ياتىدۇ. شۇڭلاشقا، زىت مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن رېئال ھادىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمەن قىلىپ 10 - رەسىم بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ:



10 - رەسىم

A بىلەن B بولسا C نىڭ ئىچىدىكى ئىككى قارىمۇ قارشى ئەزا،

بەزى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوش-
لۇق بولۇپ، باشقا ئەزالارنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:
«چوڭ» ۋە «كىچىك» نىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئوتتۇرا» نى،
«ئىسسىق» ۋە «سوغۇق» نىڭ ئوتتۇرىسىغا «يىلمان» نى
قىستۇرۇشقا بولىدۇ.

بەزى زىت مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق
سۆزلەرنى قىستۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئوڭ» ۋە
«تەتۈر»، «پۈتۈنلۈك» ۋە «قىسمەنلىك»، «ئىچكى ئىشلار»
ۋە «تاشقى ئىشلار»، بۇلار بىر ئورتاق مەنا دائىرىسىنى
پۈتۈنلەي بۆلۈۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقان-
داق بوشلۇق قالمىغان. بۇنى 11 - رەسىم بىلەن
ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

بىر سۆزنىڭ كۆپىنچە بىر ۋاقىتتا بىرقانچە زىت
مەنىلىك سۆزلىرى بار بولىدۇ. مەسىلەن: «مەغلۇپ بولماق»
سۆزىنىڭ «غەلىبە قىلماق»، «مۇۋەپپەقىيەت قازانماق»،
«نەتىجە قازانماق» دېگەندەك زىت مەنىلىك سۆزلىرى بار.

زىت مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ستىلىستىكىدا سېلىش-
تۇرۇش رولى بار. ئۇلارنى ئىشلىتىپ،
زىددىيەتلەرنى ئېچىپ، قارىمۇ قارشىلى-
قنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:
«كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ،
مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ»-
دىكى ئاستىغا ئوخشاش بەلگە قويۇلغان



11 - رەسىم

سۆزلەردە قارىمۇ قارشى مەنا مۇناسىۋىتى بار. بۇنداق ئىشلىتىش، مەزمۇن جەھەتتىن كىشىلەرگە روشەن سېلىشتۇرۇشنى بىلدۈرۈپ قالماستىن، يەنە شەكىل جەھەتتىن قاپىيەداشلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

سۆز مەنىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان رېئال ھادىسىلەردە ھەرخىل ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەتلەر بولىدۇ. مەنداشلىق بولسا، قەۋەتلىنىش (قاتلىنىش) مۇناسىۋىتىنى، زىت مەنىلىك بولسا قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار، ھەرخىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى خىل مۇناسىۋەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنداش سۆزلەر بىلەن زىت مەنىلىك سۆزلەر بولسا تىل ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئىشلىتىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئىككى خىل تۈركۈملىنىشى. مەنداش سۆزلەر بىلەن زىت مەنىلىك سۆزلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل تۈركۈملىنىش يەنە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىككى خىل تىلدىكى مەنىسى تەڭداش ئىككى سۆزنىڭ ئۆز تىلىدىكى مەنداش مۇناسىۋىتى ۋە زىت مەنىلىك مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېگىز» سۆزى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى «high» (ئېگىز، كۆپرەك نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ) ۋە «tall» (ئېگىز، كۆپرەك ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ) سېلىشتۇرساق، مەنداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن زىت مەنىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇڭلاشقا چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەندە چەت تىلدىكى مەنداشلىق ۋە زىت مەنىلىك مۇناسىۋەتنى ئىگىلەش زۆرۈر، تەرجىمە خىزمىتى

بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئىككى خىل تىلدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىك مەنىسىنىڭ ماس كېلىشىنى چۈشىنىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئەسلى ئەسەرنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى بىلىپ، تەرجىمە ئەسەردە، مەنا، تۈس جەھەتتە «تەڭ قىممەت» تىكى سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. تەرجىمە خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىق ئاساسلىقى ئەسلى مەزمۇننى مۇۋاپىق ئالماشتۇ-رۇپ بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## سۆز مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشى

سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى بولسا، ئالاھىدە ۋە مۇرەككەپ بولغان رېئال ھادىسىلەرنى ئومۇمىي ۋە ئاددىي نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق سۆز ئاندىن رېئال ھادىسىلەرنى بىلىشنىڭ بىر خىل قورالى بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بىر خىل تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق ئايرىم ۋە ئالاھىدە بولغان ھادىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئالاقىلىشىش جەريانىدا سۆزلىنىدىغان ھادىسىلەر دائىم دېگۈدەك ئايرىم ۋە ئالاھىدە نەرسىلەر بولىدۇ. پەقەت ئومۇملۇق ۋە ئومۇملاشتۇرۇشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۆز جۈملىگە كىرگەندىن كېيىن، كونكرېت ۋە ئالاھىدە بولغان ھادىسە بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ، ئومۇملۇق-تىن ئايرىلىققا قايتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئومۇملاشتۇرۇش جەر-يانىدا تاشلىۋېتىلگەن بەزىبىر ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر

قايتىدىن ئىپادىلىنىپ، مۇھىم رول ئوينىلىدۇ. مەسىلەن: «ناۋاتتەك كەپ»، «ناۋات رەڭ» قاتارلىق بىرىكىشلەردە «ناۋات» سۆزى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا نەزەرگە ئېلىنمىغان «تەم»، «رەڭ» قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنە قايتىدىن ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئالاھىدىلىكتىن ئومۇملۇققا، مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا ئۆتۈش دېيىلسە، ئۇنداقتا سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشى ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىككە قايتىش، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قايتىش بولىدۇ. بىرىكىشتىكى سۆز مەنىلىرى دائىم دېگۈدەك لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەردە كەم بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى كۆپەيتىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشى سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى (بىرىكىپ كېلىشى) بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى بىر تەرەپتىن گىراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسا، بىر تەرەپتىن يەنە سېمانتىكىلىق شەرتىنىڭ چەكلىمىسىدە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشىنىڭ سېمانتىكىلىق شەرتى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاي پوشكال يېدى»، «ئالما مايمۇننى ئويناۋاتىدۇ» دە سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى گەرچە ئابستراكت گىراماتىكا قائىدىسى «ئىسىم + ئىسىم + پېئىل» گە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن سېمانتىكىلىق بىرىكىشنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، رېئال دۇنيادا «ئاي»، «ئالما» لار ھەرگىزمۇ «يېمەك»، «ئويناماق» دىن ئىبارەت ھەرىكەتلەرنى قىلالمايدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭمۇ يۇقىرىدىكىدەك سېمانتىكىلىق بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ

بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشىنىڭ سېمانتىكىلىق شەرتى رېئال ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي مۇناسىۋەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يوق رېئال ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى پۇچەك ۋە فانتازىيىلىك ئەسەرلەردە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتىن تاشقىرى باشقا ئورۇنلاردا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس.

سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى گەرچە رېئال ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان مۇناسىۋەتكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن تىل يەنىلا رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. رېئاللىقتا ئەمەلىي مەۋجۇت مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ئىپادىلەشتە، تىلنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەسىلەن: ئوخشاش بىر خىل رېئال ھادىسە بىر خىل تىلدا (ياكى دىئالېكتتا) بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن؛ باشقا بىر تىل (ياكى دىئالېكتتا) ئىككى سۆز ياكى ئۈچ سۆز بىلەن ياكى تېخىمۇ كۆپ سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاشمىغان تىللاردا (ياكى دىئالېكتلاردا) سۆزلەرنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە مۇقەررەر ھالدا ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئاكا» ۋە «ئىنى» دېگەن ئىككى سۆز بىلەن ئۆزىدىن چوڭ ۋە كىچىك قېرىنداشنى ئاتىسا، رۇس تىلىدا «брат»، ئىنگلىز تىلىدا «brather» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئاتايدۇ. خەنزۇ تىلىدا، بېيجىڭلىقلارنىڭ «哥» (يېمەك) بىلەن شاڭخەيلىكلەرنىڭ «哥» سۆزىنىڭ پەرقى، قاتارلىقلار ... شۇڭلاشقا، بىر سېمانتىكا قاتارىدا تۇرغان

ئەزالار ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: A، B، C ئۈچ ئەزا بولسا، A نىڭ مەنىسىنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئۆزى تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىپ قالماي، يەنە B ۋە C بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، يەنى B ۋە C نىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ قاتاردا B ئەزا يوقالسا، ئۇنداقتا A بىلەن C نىڭ مەنە جەھەتتىن ماسلىشىش دائىرىسىدە مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئېنگېلس نامىنىڭ مەنىسىنى سۆزلىگەن ۋاقتىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئورگاننىڭ خۇاشۇدە، بىر جىسمنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ نامى پەقەت ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ تەۋە بولغان قاتاردىكى ئورنى بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولىدۇ①»، بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزنىڭ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆز مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىكى سىمانتىكىلىق شەرت يەنە سىمانتىكا قاتاردىكى باشقا ئەزالارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشىدا يەنە جەمئىيەتنىڭ ئىشلىتىش ئادىتىگىمۇ قاراش كېرەك. مەسىلەن: «ھامىلدار بولماق» ۋە «بوغاز بولماق» سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىش ئادەتلىرىنى، بۇ خىل ئىشلىتىلىش ئادىتىدىكى سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشىدىكى سىمانتىكىلىق شەرتنى بىز تېخى ئېنىق بىلمەيمىز.

---

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» (يېڭى يېزىق) 514 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىلى نەشرى.

سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى يەنە سۆز مەنىلىرىنىڭ ھەر خىل تۈسلىرىگە ۋە ستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەجايىپ مەنىدىكى سۆزلەرنى سەلبىي مەنىدە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ... قاتارلىقلار. سۆزنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. سۆز مەنىسى جەھەتتىكى كۆپ مەنىلىك، مەنىداشلىق، زىت مەنىلىك ۋە تۈس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۈركۈملىنىشىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ، بىرىكىشتىمۇ تاللاش ئىمكانىيىتى كىچىك بولىدۇ.

ئالاقىلىشىشتا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرىكىشىدە ئىپادىلەنگەن مەنىلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم مەنە شارائىت تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ. مەسىلەن: «دەرسكە بارىمەن» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىنى ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن بولسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈشكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى ئوقۇغۇچى سۆزلىگەن بولسا، دەرس ئاڭلاشقا بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى: ئورغۇنلىغان گەپلەرنى كونكرېت تىل شارائىتىغا بىرلەشتۈرگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئېنىق مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

تىل — كىشىلەرنىڭ ئىدىيىنى ئىپادىلەشتىكى ۋە ئالاقىلىشىشنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم قورالى، لېكىن تىلنىڭ ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈنۈمدارلىقىمۇ چەكلىمىلىك بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، تىلدا ئومۇمىي نەرسىلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى ھەم تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە، ئايرىم نەرسىلەر بولىدۇ. ئومۇمىي ۋە يىغىنچاقلانغان نەرسە

بىلەن ئالاھىدە، ئايرىم نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە، ئەينـ
نى ھالدا بەزى زىددىيەتلەر پەيدا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتـ
لاردا ئالاھىدە، ئايرىم نەرسىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى سۆز
بىلەن ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش تەس بولۇپ قالىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلمەكچى بولغان مەزمۇن جە-
ھەتتە بىر بوشلۇق قالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغۇچى كىشى ئۆزـ
نىڭ تەجرىبىسى ۋە تەسىراتىغا تايىنىپ تولۇقلايدۇ ھەم
چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىلدىكى ئالاقىلىشىشتە «سۆزلەپ
مەنىنى بىلدۈرۈپ كېتەلمەسلىك» قاتارلىق ھادىسىلەر
سادىر بولىدۇ.

«سۆزلەپ مەنىنى بىلدۈرۈپ كېتەلمەسلىك» ھادىسى
ئەمەلىيەتتە تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بـ
مۇھىم مەسىلە. تىل — تەپەككۇر قىلىشنىڭ قورالى، تەپـ
كۇرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تايىنىدىغان ۋاسىتىسى، لېكىن بـ
دىنبىر تايىنىدىغان ۋاسىتىسى ئەمەس. مەلۇم ئالاھـ
ئەھۋالدا بەزى مەزمۇنلار غەيرىي تىللىق ئالاقىلىشىش قو-
راللىرى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەگەر تىل ئىدىيىنى ئىـ
پادىلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر قورال دېيىلسە، ئۇنـ
داقتا «سۆزلەپ مەنىنى بىلدۈرۈپ كېتەلمەسلىك» ھادىسى
بولمىغان بولاتتى. ئىلگىرى، ئىدىيە چوقۇم تىل ئارقىلىق
ئىپادە قىلىنىدۇ، گەپنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ئىدىيىنىڭ
ئۆزىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ كېلىنـ
گەنىدى. بۇنداق دېيىشنىڭ ئەلۋەتتە داۋلىسى بار، لېكىن
مەسىلىنى بەكمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن، ئۇمۇملۇق ۋە ئابسـ
تراكتلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۆز بىلەن ئالاھىدە

بولغان شەيئىنى ئىپادىلىگەن ۋاقىتتا بەزى «تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغان ئەھۋال» نىڭ بولۇشىنى نەزەرگە ئالمىغان. بۇنى ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ ئۆزى تولۇقلاپ كېتىشى زۆرۈر.

تىلنىڭ مەنىلىرى شۇنداق مۇرەككەپ. بىز بۇنىڭدىن قانداق خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك؟ بەلكىم بىز تىل ئىدىيىنى ئىپادىلەشتىكى ۋە ئالاقىلىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم قورال. لېكىن يەنە كېلىپ ئۇ ھەممە مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشى تەس بولىدىغان قورال دېيىشىمىز مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولۇپ قالغان مەنىلەرنى ئاڭلىغۇچى كىشى ياكى كىتابخان ئۆزى چۈشىنىشى ۋە تولۇقلاپ كېتىشى زۆرۈر. شۇڭلاشقا سۆزلىگۈچى ياكى ماقالە يازغۇچى كىشى ھەر ۋاقىت ئاڭلىغۇچى كىشى ياكى كىتابخانلارنى ئويلاپ، گەپ - سۆزنى ئېنىق سۆزلىشى ياكى يېزىشى كېرەك، ئاڭلىغۇچى ۋە كىتابخانمۇ دىققەت قىلىپ چۈشىنىشى، خەتكە قاراپ مەنە چىقارماسلىقى ياكى ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ مەنە توقۇماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، تىل ئاندىن ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇشتىن ئىبارەت رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

## 6. يېزىق ۋە يېزىق تىلى

### يېزىق ۋە تىل

#### 1. يېزىقنىڭ رولى

«يېزىق» نىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىر مەنىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھەرپ ياكى خەتلەرنى بىلدۈرسە، يەنە بىر مەنىسى تىلنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق بەلگىلەر سىستېمىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بابتا يېزىقنىڭ كېيىنكى مەنىسى سۆزلىنىدۇ.

تىل ئىنسانىيەتكە ئوخشاشلا قەدىمىي. ئىنسانلار پەيدا بولۇشى بىلەن بىرگە تىلمۇ پەيدا بولغان. تىل بولسا جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ باغلىغۇچىسى. تىل بولمىسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەشكىل قىلىنمايدۇ. ئېغىز ۋە قۇلاققا تايىنىپ ئالاقىلىشىش ئېلىپ بارىدىغان تىلنىڭمۇ چەكلىملىكى بولىدۇ. چۈنكى، تاۋۇش ئېغىزدىن چىقىش بىلەنلا يوقىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ سۆزلىشى زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كىشىلەر بۇ خىل چەكلىملىكنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇزۇن زامانلار ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق يېزىقنى كەشىپ قىلىدى. بۇنىڭ بىلەن

تىل، سۆزلەش ۋە ئاڭلاش شەكلىدىن باشقا يەنە بىر خىل يېزىش ۋە كۆرۈش شەكلىگە ئىگە بولدى. يېزىق بولسا تىلنىڭ مەنە ۋە تاۋۇشىنىڭ ئىزى. يېزىق، تىلنىڭ ئاساسىدا پەيدا بولغان. يېزىق تىلنىڭ يازما بەلگىلىرىدىن ئىبارەت.

يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى تىلدىكى ئالاقىلىشىشنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى چەكلىمىلىكىنى يوقاتتى. تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانىيەتنى ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىپ مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويغۇزغان بولسا، يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى تىلنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش رولىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردىن تارىخىي بار دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانىيەت ئاندىن تارىخقا ئىگە بولدى. ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «تۆمۈر تاۋلاشنىڭ باشلىنىشى ۋە يېزىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى خاتىرىلەشتىن باشلاپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇلدى.»① يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ۋە كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچ.

2. يېزىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، 21 - بەت، خەلق نەشرى.

يېزىق — تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، تىلنىڭ ئاساسىدا پەيدا بولغان. تىلدىكى مورفېما، سۆز قاتارلىق بىرلىكلەر تاۋۇش ۋە مەنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، تىلنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق تاۋۇش ۋە مەنىدىن سىرت يەنە شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىق «شەكىل» نى ئىشلىتىپ تاۋۇش ئارقىلىق «مەنە» نى ئىپادىلەيدۇ. قانداق «شەكىل» نى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر يېزىقتىكى ھەرقانداق ھەرپلەر (ياكى خەتلەر) ئوقۇش ئارقىلىق تاۋۇشلارنى چىقىرىشى شەرت. بۇ يېزىقنىڭ ماھىيىتىدۇر. شۇنداق بولغاندا، يېزىقنىڭ «شەكلى» بىلەن تىلدىكى مورفېما ۋە سۆز قاتارلىق بىرلىكلەرنى خاتىرىلەشكە بولىدۇ. ئېلىپبەلىك يېزىقلاردا، ئادەتتە ھەرپلەر ئارقىلىق شۇ تىلدىكى سۆزلەر خاتىرىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب سۆزىنى ئالساق، «كىتاب» ئۇنىڭ شەكلى بولسا، [kitap] ئۇنىڭ تاۋۇشى بولىدۇ. «بېسىپ تۈپلەنگەن، ئوقۇشقا بولىدىغان نەرسە» ئۇنىڭ مەنىسى بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى book سۆزىنى ئالساق، «book» ئۇنىڭ شەكلى بولسا، [buk] ئۇنىڭ تاۋۇشى، «كىتاب» ئۇنىڭ مەنىسى بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ھەربىرى خەنزۇ تىلىدىكى مورفېمىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەممىسى شەكىل، تاۋۇش ۋە مەنىدىن ئىبارەت بولغان پۈتۈن بىر گەۋدە.

تىل — بىر خىل سىستېما، يېزىقمۇ بىر خىل سىستېما. ئۇ تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمى

سىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى، ھەرپلەر تەرتىپى ۋە يېزىش قائىدىلىرى؛ خەنزۇ يېزىقىنىڭ سىزىقلىرى، يېزىش تەرتىپى ۋە يان بۆلەكلىرى قاتارلىقلار. بۇ خىل يازما بەلگىلەر سىستېمىسى ئارقىلىق تىل بەلگىلىرى خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلنىڭ جانلىق شەكلىنى يازما شەكىلگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ.

يېزىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى يېزىقلار ئۆزى خاتىرىلەيدىغان تىلنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە تاۋۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە باي تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىنى ئۆزىنىڭ جانلىق تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى قىلىپ قوبۇل قىلىۋالغان. ئەمدى خەنزۇ تىلىدا مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر يوق دېيەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى تۆت چاسا خەتلىك باسقۇچتا تۇرۇپ قالغان.

تىل يېزىقتىن ئۆزىنى توغرا خاتىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى يېزىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن يېزىق بىلەن تىل يەنىلا ئىككى خىل نەرسە. قانداق شەكىل بىلەن تىلنى خاتىرىلەشتە، ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق. ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوخشاش يېزىق شەكلىنى قوللىنىشى مۇمكىن (مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، نېمىس تىلى ۋە ئىسپان تىلى قاتارلىق تىللار لاتىن ھەرپلىرىنى قوللىنىدۇ). بىر خىل تىل، ھەر خىل يېزىق شەكىللىرىنى قوللىنىشى

مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلى بىر مەزگىل لاتىن ھەرپ-لىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللانغان. ھازىر يەنە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىۋاتىدۇ. يېزىق شەكلى قانداق ئۆزگەرمىسۇن، يېزىقنىڭ تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت بۇ خىل خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. ھەرقانداق يېزىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما قورالدىن ئىبارەت.

تىل ئومۇمىي خەلقنىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى يوق. تىلنى خاتىرىلەيدىغان يېزىقمۇ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭمۇ سىنىپىيلىكى يوق.

ئېلىپبەلىك يېزىقتىكى تىللاردا بىر سۆز ياكى مور-فېمىنىڭ يېزىلىشى بۇ تىلدىكى بىر بەلگىنىڭ تاۋۇشلىرى-نىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشى بويىچە ئۇنى ئوقۇپ چىقالايدۇ. تۆ چاسا شەكىللىك خەنزۇ خېتى بۇنىڭ بىلەن ئوخشىماي «شەكىل» نى كۆرۈپ «مەنە»نى بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەر «日» (كۈن) نىڭ ئەسلى يېزىلىش شەكلى ⊙ بولۇپ، شەكلى قۇياشقا ئوخشىشىدۇ.

ئېلىپبەلىك يېزىقلاردا، كىشىلەر ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشى بويىچە ئۇنى ئوقۇيالىغاچقا، يېزىش بىلەن ئو-قۇشنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. تاۋۇشلار ئۆزگەرسە، قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىدۇ. خەنزۇ خېتىنىڭ ئەھ-ۋالى بۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدۇ. خەت شەكلى، بىر خىل ئوقۇلۇش بىلەن باغلانمايدۇ. گەرچە ئوقۇلۇشى ئۆزگەرسىمۇ، خەت شەكلىدە ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن. قەدىمكى

زامان خەنزۇ تىلىدىن تاكى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغىچە
تاۋۇشلاردا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۆت
چاسا خەنزۇ خېتىدە ئۆزگىرىش بولمىغان.

يېزىقنى يەنە قوبۇل قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. يې-
زىقنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش تىلنى قوبۇل قىلىپ ئىش-
لەتكەنگە باراۋەر ئەمەس. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇي-
غۇر يېزىقى ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شە-
كىللەنگەن، لېكىن ئۇيغۇر خەلقى سۆزلىگەندە يەنىلا ئۆز-
لىرىنىڭ ئانا تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ. ياپون يېزىقىدىمۇ
خەنزۇچە خەتلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ، لېكىن ياپونچە
سۆزلىگەندە خەنزۇ تىلىنى قوشۇپ سۆزلىمەيدۇ.

## يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

### 1. يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى

يېزىق بىلەن تىلنى خاتىرىلەش بولسا ئەمەلىيەتتە
تىلنى خاتىرىلەيدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلەرنى لايىھىلەش-
تىن ئىبارەت. ئىنسانلار يېزىقنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئىن-
تايىن زور ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يېزىق بولمىغان. قەدىمكى
زاماندا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بەزى
ئىش ھەم ۋەقەلەرنى خاتىرىلىۋېلىشقا موھتاج بولغان.
ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، ئۇلار ئىش ھەم

ۋەقەلەرنى خاتىرىلەيدىغان بەزى ئۇسۇللارنى تاپقان. بۇ ئۇسۇللار ئاساسەن ئىككى خىل بولغان. بىر خىلى، نەرسە بىلەن خاتىرىلەش، يەنە بىر خىلى، رەسىم بىلەن خاتىرىلەش بولغان. نەرسە بىلەن خاتىرىلەشتە نىسبەتەن ئومۇمیۈزلۈك قوللىنىلغان ئۇسۇل ئارغامچا تۈگۈش بولغان. ئارغامچىدىكى ھەربىر تۈگۈن بىرەر زور ۋەقەگە ۋەكىللىك قىلغان. رەسىم قەدىمكى زاماندا ئىش - ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشتە بىر خىل مۇھىم ئۇسۇل بولغان. ئۇلار رەسىم ئارقىلىق ئىش - ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن، ئوي - پىكىرىنى ئالماشتۇرغان. مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى دىكوتىلار «  » شەكىل بىلەن 1800 - يىلى دىكوتىدا چېچەك تارقالغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.① بىز يەنە تۆۋەندىكى ئىككى پارچە رەسىمنى كۆرۈپ باقايلى:②

1 - رەسىم بولسا ئىندىئان قەبىلە باشلىقىنىڭ قەبرە تېشىدىكى رەسىم. ئومۇمىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بۇ باشلىقنىڭ ئىسمى «بۇغا» (دۈم قىلىپ سىزىلغان بۇغا ئۆلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ)، ئۇ يەتتە قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان، توققۇز چوڭ جەڭگە قاتناشقان، ئىككى

---

① گاۋمىڭكەي، شى ئەنشى تۈزگەن «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 193 - بەت، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ 1963 - يىل نەشرى، خەنزۇچە.

② ليۇلىڭ، خۇاڭ جىشيەن، چېن شيۇجۇلار تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي مەلۇمات» 235 -، 236 - بەتلەر، بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، خەنزۇچە.

ئاي داۋاملاشقان جەڭگە چىقىش سەپىرىدە باشقىلار تەرىپىدىن پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.



12 - رەسىم

2 - رەسىم بولسا، ئىندىئان ئوجىبۋا (Ojibwa) قەبىلىسىدىكى بىر قىزنىڭ قوۋزاقىغا سىزغان بىر پارچە «مۇھەببەت مەكتۇپى». سول يۇقىرى تەرەپتىكى ئېيىق قىز- نىڭ توتېمى، سول تەرەپ ئاستىغا سىزىلغان لايچى قۇرت يىگىتنىڭ توتېمى، ئەگرى سىزىق يولنى ئىپادىلەيدۇ، چىب-



13 - رەسىم

دىر بولسا ئۇچراشماقچى بولغان جايىنى، ئىچىدىكى ئادەم بولسا ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا چىدىرنىڭ سىرتىدا يەنە ئۈچ كىرپىست بەلگىسى سىزىلغان. بۇ بەلكىم ئۇ ئەتراپتا كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن، چىدىرنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە ئۈچ كۆل سىزىلغان بولۇپ، بۇ چىدىرنىڭ جايلاشقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نەرسە بىلەن خاتىرىلەش ۋە رەسىم بىلەن خاتىرىلەشنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت، لېكىن نەرسە بىلەن خاتىرىلەشنىڭ يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما رەسىم بىلەن خاتىرىلەش بولسا يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى. ئەگەر بىر رەسىمنىڭ شەكلى ئاددىيلاشتۇرۇلىدىغان بولسا، بىر رەسىم شەكلى بىلەن تىلدىكى بىر مورفېما ياكى سۆزنى خاتىرىلەش مۇمكىن. شۇنداقتا ھەقىقىي يېزىق پەيدا بولغان بولىدۇ. يېزىق رەسىمدىن كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا، بەزى كىشىلەر ئىشنى خاتىرىلەيدىغان رەسىمنى «پىكتوگرامما» دەپ ئاتايدۇ.

2. يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى

يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى نۇقتىدىن تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. بىرى، يېزىقنىڭ تىلنى مۇكەممەل خاتىرىلەش دەرىجىسى، يەنە بىرى، يېزىقنى ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى. ئىپتىدائىي يېزىق ئۇزۇن زامانلار تەرەققىي قىلىش جەريانى ئارقىلىق ئاندىن تىلنى مۇكەممەل ۋە تولۇق خاتىرىلەيدىغان يېزىق سىستېمىسىغا

ئايلانغان. يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن تەك شۈرگەندە، يېزىقنىڭ تەرەققىياتى مەنىنى ئىپادىلەش — مەنە ۋە تاۋۇشنى بىللە ئىپادىلەش — تاۋۇشنى ئىپادىلەش تىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن.

مەنەنى ئىپادىلەش باسقۇچى: بۇ باسقۇچتىكى يېزىق ئىدېئوگرافىك يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق ئىشنى خاتىرىلەيدىغان رەسىمدىن تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان. بۇ يېزىقتا سىزىلغان ئوبرازغا قاراپ سۆز (ياكى خەتنىڭ) مەنىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ يېزىق بىلەن قەدىمكى خەنزۇلار «كۈن» نى «☉» (日) بىلەن، «ئاي» نى «» (月) بىلەن يازغان. (تۆۋەندە بۇ خىل يېزىقتىن بىرقانچىسى ئۈلگە قىلىپ بېرىلدى.①



(تاغ) (ئېشەك) (كالا) (بۇغا) (تاشپاقا) (بېلىق) (ئاي) (كۈن)

14 - رەسىم

قەدىمكى مىسىر يېزىقى ۋە ئېلىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىغناق - تاغاق يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەم

قەدىمكى مىسىر يېزىقى



(ماڭماق) (يىلان) (چېدىر) (ئېغىز) (كۆز) (تاغ) (ئاي) (كۈن).

15 - رەسىم

① يى فېشلڭ ۋە تولۇڭ چياڭلار تۈزگەن «تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى»، 176 - بەت، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل نەشرى، خەنزۇچە.

مىسى ئىدېئوگرافىك يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.①

چىغناق ـ تارغاق يېزىقى



(日) (月) (木) (牛) (羊) (人) (手) (齿) (见)

(كۆرمەك) (چىش) (قول) (ئادەم) (قوي) (كالا) (دەرەخ) (ئاي) (كۈن)

16 ـ رەسىم

مەنە ۋە تاۋۇشنى بىللە ئىپادىلەش باسقۇچى: بۇ باسقۇچ يېزىقنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ، يېزىقنىڭ شەكلىدىن مەنە بىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يېزىق شەكلى تىلدىكى مورفېما ۋە سۆز قاتارلىق بىرلىكلەرنىڭ تاۋۇشى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى يېزىق، پىكتوگرافىك يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ يېزىقى بۇ خىل تىپتىكى يېزىققا كىرىدۇ.

تاۋۇشنى ئىپادىلەش باسقۇچى: بۇ باسقۇچتىكى يېزىق، ئېلىپبەلىك يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىقتا چەكلىك ھەرپلەر بىلەن تىلدىكى بارلىق بوغۇم ۋە سۆزلەرنى خاتىرىلىگىلى بولىدۇ. ئېلىپبەلىك يېزىق ئۆز ئىچىدىن بوغۇملۇق يېزىق ۋە فونېمىلىق يېزىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تىلدىكى بوغۇملارنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق بوغۇملۇق يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق ئادەتتە بوغۇم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن ئاددىي، بوغۇم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان تىللاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ياپون يېزىقى، فونېمىلىق يېزىقتا بىرقانچە ئون ھەرپلەر بىلەن تىلدىكى بارلىق بوغۇملارنى قوشۇپ يازغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلدىكى بارلىق سۆز ۋە جۈملىلەرنى يازغىلى بولىدۇ.

① لىۋلىنى، خۇاڭ جىشېن، چېن شيوجۇلار تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي مەلۇمات»، 237 ـ بەت، بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

مەسىلەن، ئۇيغۇر يېزىقى، رۇس يېزىقى ۋە ئىنگلىز يېزىقى قاتارلىقلار. پىكتوگرافىك يېزىق بىلەن ئېلىپبەلىك يېزىق ئوخشاشلا تىلدىكى مورفېما ياكى سۆزلەرنى خاتىرىلىسىمۇ، لېكىن ئېلىپبەلىك يېزىق، يېزىق سىستېمىسىدىكى ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئەپلىك يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى زامان لاتىن يېزىقىدىكى A ھەرپى تۆۋەندىكىدەك جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن.①



17 - رەسىم

ئېلىپبەسىز يېزىقتىن ئېلىپبەلىك يېزىققا قاراپ تەرەققىي قىلىش بارلىق يېزىقلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئورتاق قانۇنىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوشۇمچە:

بىرقانچە خىل يېزىقلارنىڭ ھەرپلىرىدىن ئۈلگىلەر②

شىمالىي سېمىت يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى:



18 - رەسىم

---

① لىيۇلىڭ، خۇاڭ جىمشىيەن، چىن شيۇجۇلار تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي مەلۇمات»، 243 - بەت، بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، خەنزۇچە.

② لىيۇلىڭ، خۇاڭ جىمشىيەن، چىن شيۇجۇلار تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي مەلۇمات» 243 — 245 - بەتلەر، بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1984 -يىل نەشرى، خەنزۇچە.

لاتىن يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى:

Α Β Γ Δ Ε Ζ Η Θ Ι Κ Λ Μ Ν Ξ Ο Π Ρ Σ

Τ Υ Φ Χ Ψ Ω

لاتىن يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى:

A B C D E F G H I J K L M N O

P Q R S T U W V X Y Z

سىلاۋىيان يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى:

А Б В Г Д Е Ё Ж З И Й К Л М Н О П

Р С Т У Ф Х Ц Ч Ш Щ Ъ Ы Ь Э Ю Я

ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى:

ا ب ت ث ج ح خ

د ذ ر ز س ش ص

ض ط ظ ع غ ف ق

ك ل م ن ه و ي

19 - رەسىم

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى①

## ئورخۇن – يېنسەي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى





| نومۇر | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى | نومۇر | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | | a/e ئا/ئە | 21 | | n ن يۇمشاق |
| 2 | | ə/i ئې/ئى | 22 | | r ر قاتتىق |
| 3 | | o/u ئو/ئۇ | 23 | | r ر يۇمشاق |
| 4 | | ø/y ئۆ/ئۈ | 24 | | l ل قاتتىق |
| 5 | | q ق قاتتىق | 25 | | l ل يۇمشاق |
| 6 | | q ق ى بىلەن كېلىدۇ | 26 | | s س قاتتىق |
| 7 | | q ق و/ۇ بىلەن كېلىدۇ | 27 | | s س يۇمشاق |
| 8 | | k ك يۇمشاق | 28 | | [illegible] |
| 9 | | k ك ۆ/ۈ بىلەن كېلىدۇ | 29 | | p پ |
| 10 | | ɣ غ قاتتىق | 30 | | ŋ ڭ |
| 11 | | g گ يۇمشاق | 31 | | m م |
| 12 | | t ت قاتتىق | 32 | | tʃ چ |
| 13 | | t ت يۇمشاق | 33 | | itʃ ئىچ |
| 14 | | d د قاتتىق | 34 | | ʃ ش |
| 15 | | d د يۇمشاق | 35 | | z ز |
| 16 | | b ب قاتتىق | 36 | | lt/ld لت |
| 17 | | b ب يۇمشاق | 37 | | nt/nd نت |
| 18 | | j ي قاتتىق | 38 | | nt/nat نت |
| 19 | | j ي يۇمشاق | 39 | | rt رت |
| 20 | | n ن قاتتىق | 40 | | ئايرىش بەلگىسى |

① ئەنەردىن موسا، تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا يولبولدى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 70 – 73 ، 76 – بەتلەر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1985 – يىل نەشرى.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى



## ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| نامى | يالغۇز شەكلى | ئاخىرىدىكى شەكلى | ئوتتۇرىدىكى شەكلى | بېشىدىكى شەكلى | رەتى | نامى | يالغۇز شەكلى | ئاخىرىدىكى شەكلى | ئوتتۇرىدىكى شەكلى | بېشىدىكى شەكلى | رەتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توي | ط | ـط | ـطـ | طـ | 16 | ئەلىپ | ا | ـا | ـا | ا | 1 |
| زوي | ظ | ـظ | ـظـ | ظـ | 17 | بە | ب | ـب | ـبـ | بـ | 2 |
| ئەين | ع | ـع | ـعـ | عـ | 18 | تە | ة ت | ـة ـت | ـتـ | تـ | 3 |
| غەين | غ | ـغ | ـغـ | غـ | 19 | سە | ث | ـث | ـثـ | ثـ | 4 |
| فە | ف | ـف | ـفـ | فـ | 20 | جىم | ج | ـج | ـجـ | جـ | 5 |
| قاپ | ق | ـق | ـقـ | قـ | 21 | ھە | ح | ـح | ـحـ | حـ | 6 |
| كاپ | ک | ـک | ـکـ | کـ | 22 | خە | خ | ـخ | ـخـ | خـ | 7 |
| لام | ل | ـل | ـلـ | لـ | 23 | دال | د | ـد | ـد | د | 8 |
| مىم | م | ـم | ـمـ | مـ | 24 | زال | ذ | ـذ | ـذ | ذ | 9 |
| نۇن | ن | ـن | ـنـ | نـ | 25 | رە | ر | ـر | ـر | ر | 10 |
| ۋاۋ | و | ـو | ـو | و | 26 | زە | ز | ـز | ـز | ز | 11 |
| ھە | ه | ـه | ـهـ | هـ | 27 | سىن | س | ـس | ـسـ | سـ | 12 |
| يە | ى | ـى | ـيـ | يـ | 28 | شىن | ش | ـش | ـشـ | شـ | 13 |
| ڭ | نگ | ـنگ | ـنگـ | — | 29 | ساد | ص | ـص | ـصـ | صـ | 14 |
| ھەمزە | ء | ء | ـئـ | ئـ | 30 | زات | ض | ـض | ـضـ | ضـ | 15 |

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى①

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى، ۋە تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىپى | يەككە شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ا (ئا) | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ە (ئە) | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» 19 - 20 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 12 | ژ | | | ژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 25 | ئو، و | | | و (ئـو) | ئو |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ـۇ (ئـۇ) | ئۇ |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ـۆ (ئـۆ) | ئۆ |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ـۈ (ئـۈ) | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ، ئـېـ | ـې (ئـې) | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ، (ئـىـ) | ـى (ئـى) | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

## ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلى

يېزىق تىلى يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن يېزىق تىلى يېزىق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تىل مەسىلىسىدۇر. يەنى، ئۇ — «كۆرۈش، ئوقۇش» ئۈچۈن يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل. ئۇ ئېغىز تىلى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆزلەيدىغان ۋە ئاڭلايدىغان تىل بەلگىلىرى سىستېمىسى، «كۆرىدىغان، ئوقۇيدىغان» تىل بەلگىلىرى سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

يېزىق بولسا يېزىق تىلىنى يازىدىغان قورال. ئۇ خۇددى تىل تاۋۇشلىرى ئېغىز تىلىنى ئىپادىلەيدىغان ماددىي شەكىل بولغىنىغا ئوخشاش، يېزىق تىلىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ماددىي شەكىل. شۇڭلاشقا، يېزىق بىلەن يېزىق تىلى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق باغلىنىش بولسىمۇ، لېكىن يېزىقنىڭ ئۆزى يېزىق تىلى بولالمايدۇ. يېزىق بولمىسا يېزىق تىلىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

يېزىق تىلى، ئېغىز تىلى ئاساسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئېغىز تىلىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شەكلى. شۇڭلاشقا ئىككىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولىدۇ.

ئېغىز تىلى سۆزلەيدىغان، ئاڭلايدىغان تىل بولسا، يېزىق تىلى كۆرىدىغان، ئوقۇيدىغان تىل. ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش بىرلىكتە بولۇپ، تېزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭ-

لاشقا سۆزلىگەندە نېمىنى ئويلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھەتتا ئانچە ئويلاپ كەتمەيلا سۆزلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. كۆرۈش بىلەن يېزىش بىرگە بولۇپ، ئۇنى پىششىق ئويلاپ يازغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلىدا ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىردەك بولۇپ كېتەلمەيدۇ. سۆزلىگەندە، سۆزلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇپ جۈملە تۈزۈشتىن تاشقىرى يەنە پۈتۈن بىر جۈملە گەپنىڭ ئۈن جەھەتتىن ئېگىز - پەس، تېز - ئاستا ئۆزگىرىشى، ھەر خىل ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە، بەدەن ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىگەن ۋاقىتتىكى شارائىتلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئېغىز تىل بىلەن ئالاقىلىشىشتە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن شارائىتلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئېغىز تىلىنىڭ سۆزلەرنى ئىشلىتىش دائىرىسى تارراق بولۇشى مۇمكىن. جۈملىلەر نىسبەتەن قىسقا، قۇرۇلمىسى نىسبەتەن ئاددىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. يازغاندا ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشاش بولمايدۇ. ئېغىز تىلىدىكى ھەر خىل ئەگەشمە ئامىللار رول ئوينىمايدۇ. پەقەت تىنىش بەلگىلىرى ئاز - تولا رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ رولى چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىق تىلى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلايدۇ. مەسىلەن: سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە پۈتۈن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەر. ئېغىز تىلى بىلەن

يېزىق تىلىدىكى بۇ پەرقلەرنى ئىستېمال شارائىتى بەلگىلىگەن. ئۇلار بىر خىل تىلنىڭ ئوخشاشمىغان ئۇسلۇب ئۆزگىرىشىدۇر.

يېزىق تىلى — ئېغىز تىلىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شەكلى. ئۇ، گەرچە قەلەم ئارقىلىق بارلىققا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېغىز تىلىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: رادىئو پروگراممىلىرىدىكى خەۋەر قاتارلىقلار يېزىق تىلىنىڭ جانلىق تىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى.

هازىر زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئېغىز تىلى، زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى چەكلىمىنى يېڭىپ، باشقا جايلارغا تارقىلىدىغان ۋە باشقا زامانلارغا قالىدىغان بولدى.

يېزىق تىلى ئېغىز تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكتىن، ئۇ ئېغىز تىلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك، لېكىن ئېغىز تىلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوڭاي ۋە تېز، يېزىق تىلىنىڭ ئۆزگىرىشى نىسبەتەن قېيىن ۋە ئاستا بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىز تىلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كەينىدە قالىدۇ. ئېغىز تىلىدا ئاللىقاچان يوقالغان سۆز - ئىبارىلەر، جۈملە شەكىللىرى، دائىم دېگۈدەك يېزىق تىلىدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

يېزىق تىلىنىڭ ئېغىز تىلىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشى تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان نورمالسىز هادىسە. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزىق تىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئېغىز تىلى بىلەن بىردەك قىلىشقا تىرىشىدۇ.

## 7. تىلنىڭ تەرەققىياتى

### تىل تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكى

1. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى.

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش تىلمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى. ئۇ ئىشلىتىش جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا ئىشلىتىلمەيدىغان تىل ئۆلگەن تىل بولىدۇ. ئىشلىتىلىۋاتقان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە تىل ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت بولۇپ تەشكىللىنىشىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى. ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەتلىشىش ۋاسىتىسى. شۇڭلاشقا ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: «تىل جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي

قىلغان. تىل جەمئىيەتنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن بىللە ھالاك بولىدۇ. جەمئىيەتتىن تاشقىرى تىل يوق.»①

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى شەيئىلەر، يېڭى ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ. بۇلار ئالاقىلىشىشكە قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى قويۇپ، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشنى ۋە گىرامماتىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لۇغەت تەركىبى زور دەرىجىدە بېيىدى، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈشنىڭمۇ نۇسخىلىرى كۆپەيدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىياپىتىدىمۇ ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئوخشاشمىغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىشى، بېرىش - كېلىش قىلىشى، ئۇچرىشىشلىرىمۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 2. تىلدىكى ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى

تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 29-بەت.

قىلىدۇ، لېكىن تىلنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىنى تىل سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىجتىمائىي ئامىللاردىن بىۋاستە جاۋاب تېپىش تەس.

تىل — بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئامىللار بىرلىكىنىڭ قارىمۇ قارشى-لىقىدىكى مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. ئۆزئارا بىر خىل تەڭپۇڭ-لۇق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل ئامىل يېڭى بىر خىل ئىپادىلەشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى، ياكى باشقا تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، ياكى باشقا سەۋەبلەرنىڭ تەسىر قىلىشى تۈپەيلى ئۆزگىرىش ياسىسا، ئەسلىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىستېمى-دىكى مۇناسىۋەتلىك قىسىملار قايتىدىن ئۆزئارا مۇنا-سىۋىتىنى تەڭشەپ، يېڭى تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: تىل بەلگىلىرى، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبا-رەت. بەلگە بىلەن بەلگە ئوتتۇرىسىدا ئۈنۈملۈك بولغان پەرقنى ساقلاش زۆرۈر. ئەگەر تىل بەلگىلىرىنىڭ پەرقلەن-دۈرگۈچ خاراكتېرى كاشىلىغا، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، تىل سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قە-دىمكى خەنزۇ تىلى بولسا، تاق بوغۇملۇق سۆزلەر ئۈس-تۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تىل ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا فونېتىكا سىستېمىسى نىسبەتەن مۇرەككەپ ئىدى، فونېما بىلەن فو-نېمىنىڭ بىرىكىش ئۇسۇللىرى نىسبەتەن كۆپ ئىدى، شۇ-نىڭ بىلەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ئۆزئارا پەرقلىنەتتى. كې-يىنكى ۋاقىتلاردا جاراڭلىق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى،

ئۈزۈك ئاۋۇشتىن تەركىب تاپقان يېزىمو ئاخىرىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر، فونېتىكىنىڭ ئاددىيلىشىشىغا قاراپ يۈزلىنىشى، تىلدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشى، يەنە يېڭى سۆزلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار تىل بەلگىلىرىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ خاراكتېرىنى بارغانسېرى غۇۋا قىلىپ قويدى. بۇ، ئالاقىلىشىش ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنى ئەكەلدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق فونېتىكىنىڭ ئاددىيلىشىشى ئەكەلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى. خەنزۇ تىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا سۆزلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى، قوشما بوغۇملۇق سۆزلەر شەكلى قەدىمكى بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شەكلىگە ئالماشتى. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ئاللىقاچان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر، مەسىلەن، «友»، «朋»، «道»، «理» قاتارلىقلار سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوش بوغۇملۇق سۆزلەر ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. تىل تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە بىر ھالقا بىر ھالقىغا ئۇلاشقان بولىدۇ. قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، بىر سۆزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى تەركىبنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ بەزى يېڭى مەنىلەر بارلىققا كەلدى. فونېتىكا جەھەتتە، سېمانتىكا جەھەتتە ۋەزىننىڭ ئاساسلىق بولۇش - ئاساسلىق بولماسلىق پەرقلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، يېنىك تاۋۇشلار، ئېرخۇاللىشىش «儿化»، توننىڭ ئۆزگىرىشى، بە-

زى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئايلىنىشى (مەسىلەن، «初، 第، 老، 子، 儿، 头، 性، 化 ») قاتارلىقلار ۋە كۆچمە سۆزلەرنىڭ ياسىلىش قائىدىلىرى قاتارلىقلار تۆپەيلى، خەنزۇ تىلىنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

تىلنىڭ فونېتىكا، سېمانتىكا، گراممانىكا سىستېمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى ئارىسىدا ھەمدە بۇ سىستېمىلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش ۋە ئۆزئارا چەكلىنىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ، قىسمەن ئۆزگىرىشلەر دائىم بىرقاتار ھالقىسمان ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قىسقىسى، تىل — جەمئىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى. جەمئىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش تىل تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەرتى. تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى بۇ شەرت ئاساسىدا رول ئوينايدۇ، ئۇ ھەربىر تىلنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە يۈنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

3. تىل تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھەرقانداق شەيئىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بۇنى شەيئىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى. بۇ خىل خاراكتېر، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ پەقەت تەدرىجىي بولىدىغانلىقىنى ھەمدە تىل سىستېمىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملارنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى بەلگىلىگەن. تەدرىجىيلىك ۋە

تەڭپۇڭسىزلىق تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدى-
لىكى. تىلنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ستالىن مۇنداق دې-
گەنىدى: «تىلنىڭ كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئۆتۈشى
پارتلاش يولى بىلەن ئەمەس، مەۋجۇت تىلنىڭ يوقىتىلىشى
ۋە يېڭى تىلنىڭ يارىتىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى يېڭى
سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىنپەي توپلىنىشى بىلەن،
يەنى كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىنپەي يوقىلىپ
بېرىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ»①.

تىل سىستېمىسىنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسمىنىڭ
جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش
بولمايدۇ. لۇغەت تەركىبىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى بىۋاستە بولىدۇ. شۇڭلاشقا لۇغەت
تەركىبىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بولغان ئە-
كاسى ناھايىتى تېز بولىدۇ. ئۆزگىرىشىمۇ نىسبەتەن تېز
بولىدۇ. لۇغەت تەركىبىگە قارىغاندا، فونېتىكا ۋە گرامما-
تىكا نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. بۇ ئۈچ قىسمىنىڭ ئۆز-
گىرىشىمۇ تەڭپۇڭ بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يېڭى
شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، كونا شەيئىلەرنىڭ يوقى-
لىشى، كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى دائىم سادىر بولۇپ
تۇرىدىغان ھادىسە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر زامان تىلنىڭ
لۇغەت تەركىبىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ئەكس ئېتىش كونا
سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى، يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى
ۋە سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 38 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

«تىلنىڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۈزلۈك-سىز دېگۈدەك ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەن-دۈرۈپ بېرىدۇ. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، تىجارەت ۋە پەننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى تىلنىڭ ئۆز لۇغەت تەركىبىنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى سۆزلەر ۋە يېڭى ئىبارىلەر بىلەن تولۇقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.»① مە-سىلەن: ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە، پەن - تېخنىكى-نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «ئېلېكترون، ئاتوم، مولېكۇلا، ئېلېكتر» قاتارلىق سۆزلەر بارلىققا كەلدى. ئەمدى دەۋر-نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ لۇغەت تەركىبىدىكى كونا دەۋردىكى بەزى شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر يوقالدى ياكى ئادەتتە ئىشلىتىلمەي پەقەت تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يازما ماتېرىياللاردىلا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن: «ئامبال، شاگىيۇ، سراب» قاتارلىق سۆزلەر.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى يەنىلا نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، لۇغەت تەركىبىدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىي قىسمى ئالاقىلىشىشتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئانچە ئوڭايلىقچە ئۆزگىرىش ياسىمايدۇ، ئىككىنچىدىن،

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 1-2 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان تەركىبلەردىن باشقا، يې-
ڭى سۆز ياسايدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي
دېگۈدەك تىلدا قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان تەركىبلەردۇر.
يېڭى سۆزلەرنى ياسايدىغان ئۇسۇللارمۇ تىلدىكى تەييار
ئۇسۇللاردىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى
يېڭى سۆزلەر ئەسلىدە بار بولغان ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىدە
بار بولغان ئۇسۇللار بويىچە قايتىدىن بىرىكىشىدىن ھا-
سىل بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىككە تو-
نۇش نەرسىلەردۇر. لۇغەت تەركىبىنىڭ بۇ خىل ھەم سەز-
گۈر، ھەم تۇراقلىق ئالاھىدىلىكى، تىل تەرەققىياتىنىڭ
تەدرىجىيلىكى ۋە تەكپۇگسىزلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى-
دىن ئىبارەت.

تىلدىكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن سۆزلەرنىڭ ھەممە-
سى چەكلىك فونېمىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ
بىر خىل تىلدا بىرقانچە ئون فونېمىنىڭ ئۆزئارا بى-
رىكىشى تىلنىڭ ئىپادىلەپ بېرىش تەلىپىنى قاناتەتلەندۇ-
رىدۇ. لۇغەت تەركىبىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولغان تەق-
دىردىمۇ، بۇ خىل ئەھۋال فونېتىكا سىستېمىسىغا كۆرۈنەر-
لىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ياكى ناھايىتى تېزلىك بىلەن
تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا تىل تاۋۇشلىرى لۇغەت
تەركىبىنىڭ تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سىستې-
مىلىق ئۆزگىرىش ياسىمايدۇ. گراماتىكا بولسا، تىل ماتې-
رىياللىرىنى تەشكىللەيدىغان قۇرۇلما قائىدىلىرىدىن ئىبا-
رەت. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، يېڭى سۆزلەر بۇ
خىل قائىدىلەر بويىچە ياسىلىدۇ. بۇ قائىدىلەرنىڭ باشقۇ-

رۇشىدا بولىدۇ. كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى قوزغۇلما قائى-
دىلىرىگە تەسىر ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، بەزى سۆزلەر
يوقالسىمۇ، لېكىن بۇ قائىدىلەر يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان
سۆزلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا گرامماتىكىنىڭ
تەرەققىيات سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇراق-
لىقى فونېتىكىغا قارىغاندىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى يەرلىك دىئالېكتلار ياكى
قېرىنداش تىللارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى
بولىدۇ. تىل تەرەققىياتىنىڭ تەكشۈكسىزلىكى يەرلىك دىئا-
لېكت ياكى قېرىنداش تىللارنىڭ پەيدا بولۇشىدا تىلنىڭ
ئىچكى سەۋەبى بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىل
ئىستېمالىدىكى قائىدىسىز ھادىسىلەر، ھەر خىل مۇستەسنا
ئەھۋاللار ھەمدە بەزى ئادەت بويىچە ئىشلىتىش ئۇسۇللى-
رىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى تىلنىڭ بۈگۈنكى تىلدا ساقلىنىپ
قالغان تارىخىي تەركىبلەردىن ئىبارەت. بۇلار تىل تەرەق-
قىياتىنىڭ تەكشۈكسىزلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ خىل ھادىسىلەر
تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىزدىنىشتە بەزى مۇھىم
يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تىل تەرەققىياتىنىڭ تەدرىجىيلىك ۋە تەكشۈكسىزلىكتىن
ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكى ئالاقىلىشىش قورالى بول-
غان تىلنىڭ ھەر زامان يېڭى ئالاقىلىشىش تەلىپىنى قاند-
ۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ مۇقىم ئاساسىنى ساقلاپ، ئالاقىلىشىشنىڭ
ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

## تىلنىڭ بۆلۈنۈشى

1. تىل جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ بۆلۈنىدۇ

تىلنىڭ ئۆزگىرىشى، ئومۇمەن مەلۇم بىر رايون ياكى مەلۇم بىر توپ كىشىلەر ئىچىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ خۇددى بىر دولقۇنغا ئوخشاش تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتكە كېڭىيىپ تارقىلىدۇ. كۆلىمى چوڭ بولمىغان، ئۆزئارا ئالاقىلىشى زىچ بولغان بىر جەمئىيەتتە تىلنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تارقىلىشى ئانچە چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ، شۇڭلاشقا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى تىلنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئوڭاي. ئەگەر رايونلار ئارىسىدا ياكى بىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى ئارىسىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئۈزۈلۈپ قالسا، تىلنىڭ ھەرقايسى دائىرىدىكى ئوخشاشمىغان ئۆزگىرىشلىرى پۈتكۈل جەمئىيەتكە تارقىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ئارقىلىق بۇ جەمئىيەتتىكى تىلدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، ئۆزئارا پەرقلىق دىئالېكتلار بارلىققا كېلىدۇ.

2. ئىجتىمائىي دىئالېكت

ئىجتىمائىي دىئالېكت، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بىر پۈتۈن مىللەت تىلىنىڭ تارمىقى. ژارگونلار (كەسىپداشلار تىلى)، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، تىياتىر تىلى، شېئىر

تىلى، سىنىپىي دىئالېكت (سىنىپىي ئادەت سۆزلىرى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي دىئالېكت بولىدۇ. ئىجتىمائىي دىئالېكتلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە گرامماتىكا قۇرۇلمىسى ئومۇمىي خەلقنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش. ئومۇمىي خەلق تىلى بىلەن بولغان پەرقى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ياغاچچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە ماشىنىسازلىق قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس سۆزلىرى بولىدۇ.

مەخپىي (ئارگو) گەپلەر بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي دىئالېكت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا ئىجتىمائىي دىئالېكتلارنىڭ چەتكە قېقىش خاراكتېرى بولمايدۇ، باشقا كەسىپتىكى ۋە گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى، ئىشلىتىشىنى رەت قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ دىئالېكتلاردىكى بەزى سۆز - ئىبارىلەر ئومۇمىي خەلق تىلى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كۈندىلىك ئالاقىلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ (مەسىلەن: «رول»، «مات بولماق» قاتارلىقلار)، لېكىن مەخپىي گەپلەرنىڭ كۈچلۈك يەكلىمچىلىكى بولۇپ، ئۆز گۇرۇھىدىكىلەردىن باشقىلارغا بۇ سۆزلەر مەخپىي ساقلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي دىئالېكتلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدا، جۈملىلەر نىسبەتەن قىسقا، ماقال - تەمسىل ۋە ئادەت سۆزلىرى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ.

سىنىپىي دىئالېكت قاتارلىق بىر قانچە دىئالېكتلاردىن باشقا ئىجتىمائىي دىئالېكتلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئىلگى- رىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. ژارگون سۆزلەر، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپىيىشى تىل تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپ ئامىل. ئۇلار تىلنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى تەركىبلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇ- نىڭ بىلەن تىل ھەر زامان جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوتتۇرىغا قويغان ئالاقىلىشىش تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

3. يەرلىك دىئالېكت

يەرلىك دىئالېكت ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ ئوخشاش- مىغان رايونلاردىكى تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك دىئالېكت بىلەن ئومۇمىي خەلق تىلى ياكى باشقا دىئالېكت- لارنىڭ پەرقى ئاساسەن فونېتىكا جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا دىئالېكتلارنى ئايرىشتا فونېتىكا جەھەتتىكى پەر- لەر مۇھىم ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەردىكى /x/ لوپنۇر دىئالېكتىدا /q/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| توخۇ | تاقو |
| قوشنا | قوشنۇ |
| ئەخمەق | ئاقماق |
| خېمىر | قەمىر |

ۋە باشقىلار.

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ 1 - بوغۇمىنىڭ

ئالدىدا كېلىدىغان /h/ لوپنور دىئالېكتىدا /a/، /ə/، /φ/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ھەمراھ | ئەمرا |
| ھەيران | ئەيران |
| ھۆرمەت | ئۆرمەت |
| ھارام | ئارام |

ۋە باشقىلار.

يەرلىك دىئالېكت بىلەن ئومۇمىي خەلق تىلى ياكى باشقا دىئالېكتلارنىڭ لۇغەت تەركىبى جەھەتتىمۇ ئاز بولمىغان پەرقلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| قىز | سەكەلەك |
| ئىت | سەگە |
| ياغاچچى | خارەت |
| سېمىز | پوپاي |
| مۇتلەق | تەمبەت |

ۋە باشقىلار.

يەرلىك دىئالېكت بىلەن ئومۇمىي خەلق تىلى ياكى ۋە باشقا دىئالېكتلارنىڭ گرامماتىكا جەھەتتىكى پەرقى نىسبەتەن كىچىكرەك ياكى يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

يەرلىك دىئالېكتلارنى ئايرىغاندا تىلنىڭ ئۆزىدىكى پەرقلەرگىلا ئاساسلىنىپ قالماي، يەنە بۇ خىل دىئالېكتنى ئىشلەتكۈچى كىشىلەرنىڭ بىر مىللەتكە مەنسۇپ ياكى مەنسۇپ ئەمەسلىكىگە ۋە ھەرقايسى دىئالېكتلارنىڭ ئۈستىدە

ھەرقايسى رايوندىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئورتاق تىلنى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قورالى قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. مەسىلەن: ئۇيغۇر مىللىتى بىرلىككە كەلگەن بىر مىللەت. گەرچە خوتەن دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتى ۋە باشقا دىئالېكتلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق تىلىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئومۇمىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق تىلىنى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قورالى قىلىدۇ. خەنزۇ مىللىتى ۋە خەنزۇ تىلىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت. رۇس تىلى، ئوكرائىن تىلى، بېلوروس تىلى ۋە پولەك تىللىرىنى ئىشلىتىدىغان ھەرقايسى كىشىلەر ئوخشاشمىغان مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن ھەمدە بۇ تىللارنىڭ ئۈستىدە بىر ئورتاق تىل مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭلاشقا بۇ تىللارنىڭ ھەربىرى مۇستەقىل تىل بولۇپ سانىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دىئالېكت بىر مىللىي ت نىڭ يەرلىك تارمىقىدىن ئىبارەت. دىئالېكتىنى بېكىتكەند تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى ئامىلنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك: بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەت ۋە تىلنىڭ ئۆزىدىكى پەرقلەر. پەقەت جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ تىل جەھەتتىكى پەرقلەر بولمىسا، دىئالېكتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەنبەداش، لېكىن پەرقى بار تىللار ئەگەر بىر بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەتكە تەئەللۇق بولمىسا، ئومۇمەن دىئالېكت دەپ قارالمايدۇ، بەلكى باشقا بىر تىل دەپ قارىلىدۇ.

دىئالېكتلارنى تەتقىق قىلىپ، دىئالېكتلار بىلەن ئورتاق تىلدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا

ماس كېلىش قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىش، ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دىئالېكتقا دائىر ماتېرىياللار تىل تارىخىنى تەكشۈرۈشتە ئىشەنچلىك بولغان قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

### 4. قېرىنداش تىللار ۋە تىللارنى كلاسسىفىكاتسىيىلەش

بىر خىل تىلدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىرقانچە مۇستەقىل تىللارنىڭ ئارىسىدا مەنبەداشلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ، يەنى بۇ تىللار بىر ئىپتىدائىي تىلدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. بۇ خىل تىللار قېرىنداش تىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك تىلى قاتارلىق تىللار قېرىنداش تىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىللار قەدىمكى تۈركىي تىلدىن كېلىپ چىققان. خەنزۇ تىلى ۋە زاڭزۇ تىلىمۇ قېرىنداش بولۇپ، بۇلار قەدىمكى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىلىدىن كېلىپ چىققان. فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىلى، ئىسپان تىلى، پورتۇگال تىلى ۋە رومىن تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ ھەممىسى لاتىن تىلىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا، بۇ تىللارمۇ قېرىنداش تىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، تىللارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى «تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تىللار بىر تىل سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر تىل سىستېمىسىدىكى تىللار يەنە ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن-يىراقلىقىغا قاراپ، نۆۋىتىدە تىل ئائىلىسى، تىل تارمىقى ۋە تىل تۈرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى بىر خىل تىلنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ

ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر خىل تىل تۈپى ياكى تىل تارمىقىدىكى تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەتلەرنىڭ لېكسىكىسىدىكى لۇغەت فوندىنىڭ كۆپچىلىكى شەكىلداش ۋە مەنىداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. بىز ھازىرقى تۈركىي تىللارنى دىۋانغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تارىخىنى، ئورتاق تەرەپلىرى بىلەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى، تۈپ مەنبەسىنى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيمىز.

«دىۋان»دىكى تىل تاكىتلىرى تۈركىي تىلداسۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

| تۈركمەن | تاتار | ئۆزبېك | ئالتاي | قىرغىز | قازاق | ئۇيغۇر | ئوقۇلۇشى | دىۋاندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| daaq | taw | taq | tuw | too | taw | taq | taq | تاغ |
| ko-yĭn | ku-wy | kuy | koy'hoy | koy | koy | koy | koy | قوي |
| palta | bal-ta | bal-ta | baldĭ paltĭ | balta | balta | palta | baldu | بلدۇ |
| adam | kixi | ky-xy | kiji'kizi | kixi | kisi | kixi | kixi | كشى |
| ədik | iytik | etyk | ėdik | ətük | êtik | ətük | ətük | ئتك |
| əər-dək | ür-dək | ür-dak | ədürek | ərdek | üyrek | ərdək | ürdək | ئردك |

ئوخشاشمىغان تىل تارمىقىدىكى تىللار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت نىسبەتەن يىراق بولىدۇ.

قېرىنداش تىللار بىر ئىپتىدائىي ئاساسىي تىلدىن بۆلۈنۈپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكتىن ئۇلار فونېتىكا، گراممات‍ىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى مەنداش تەركىبلىرى چوقۇم روشەن بولغان بىر قاتار ماس كېلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولىدۇ. بىز دەل بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيمىز.

دۇنيادىكى ھەر خىل تىللار ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تىل سىستېمىلىرىغا بۆلۈنىدۇ: خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، ئورال تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، سېمىت - ھامىت تىللىرى سىستېمىسى، ئىبېر - كاپكاز تىللىرى سىستېمىسى، دراۋىد تىللىرى سىستېمىسى، مالاي - پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى تىللار توپى ۋە تىللار بار. يەنە بەزى تىللار، مەسىلەن، چاۋشيەن تىلى، ياپون تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر ئېنىقلانمىغان كەلمەكتە.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى، مالاي - پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېم

لىرىغا كىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخىچە قىرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق بولمىغان بىرمۇنچە تىللار بار.

«ئېلىمىزدىكى 56 مىللەت 54 خىل تىلنى قوللىنىدۇ. بۇ تىللار دۇنيادىكى ئون خىل تىل سىستېمىسىنىڭ بەش خىلىغا مەنسۇپ.

1) خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى. بۇ، ئېلىمىز بويىچە (شۇنىڭدەك دۇنيا بويىچە) ئەڭ چوڭ تىل سىستېمىسى بولۇپ، خەنزۇ تىلى ۋە زاڭزۇ — بىرما، جۇاڭزۇ — دۇڭزۇ، مياۋزۇ — ياۋزۇدىن ئىبارەت ئۈچ تىل ئائىلىسىدىكى تىللاردىن تەركىب تاپقان، ئېلىمىزدىكى 32 مىللەتنىڭ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

2) ئالتاي تىل سىستېمىسى. بۇ ئېلىمىز بويىچە ئىككىنچى چوڭ تىل سىستېمىسى بولۇپ، تۈركىي تىللار موڭغۇل تىلى، توڭغۇس - مانجۇ تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تىل ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلىمىزدىكى 17 مىللەتنىڭ تىلى بۇ تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

3) جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسى. ئېلىمىزدىكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ۋازۇ، بولاڭ ۋە بېڭلوڭ مىللەتلىرىنىڭ تىللىرى بۇ تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

4) مالاي - پولىنېزىيە تىل سىستېمىسى (جەنۇبىي ئارallar تىل سىستېمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئېلىمىزدە

تەيۋەن ئۆلكىسىدىكى گاۋشەن مىللىتىنىڭ تىلىلا بۇ تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

5) ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تاجىك ۋە رۇس مىللەتلىرىنىڭ تىللىرى بۇ خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ.»①

---

① «ئېلىمىزدىكى بەش خىل تىل سىستېمىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1986 - يىل 3 - ئاپرېلدىكى سانىدىن.

## قوشۇمچە

# دۇنيادىكى تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى①

## I خەنزۇ – زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى

ئاساسلىقى جۇڭگو، ۋيېتنام، لائوس، تايلاند، بىرما، بۇتان، سىككىم، نېپال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئۇز ئىچىگە خەنزۇ تىلى ۋە جۇاڭزۇ – دۇڭزۇ تىللىرى، مياۋزۇ – ياۋزۇ تىللىرى، زاڭزۇ – بىرما تىللىرىدىن ئىبارەت ئۇچ تىل ئائىلىسىنى ئالغان.

1. خەنزۇ تىلى.

2. جۇاڭزۇ – دۇڭزۇ تىللىرى ئائىلىسى، يەنى دۇڭزۇ – دەيزۇ تىللىرى ئائىلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىقى

---

① كاۋنەنخۇا: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي مەلۇمات» 196 –، 201 – بەتلەر، گۇاڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 – يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

جوڭگونىڭ ئوتتۇرا جەنۇب، غەربىي جەنۇب رايونلىرى ۋە تايلاند، بىرما، ۋيېتنام، لائوس قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئىلىمىزدىكى جۇاڭزۇ - دوڭزۇ تىللىرى ئائىلىسى ئۈچ تىل تارمىقىغا بۆلۈنىدۇ:

1) جۇاڭزۇ - دەيزۇ تىللىرى تارمىقى: جۇاڭزۇ تىلى، دەيزۇ تىلى، بويى تىلى قاتارلىقلار. جياڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

2) دوڭزۇ - شۈيزۇ تىللىرى تارمىقى: دوڭزۇ تىلى، مۇلاۋ تىلى، شۈيزۇ تىلى، ماۋنەن تىلى قاتارلىقلار. گۈيجۇ، جياڭشى، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكە (رايون) لەرگە تارقالغان.

3) لىزۇ تىلى تارمىقى: لىزۇ تىلى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىغا تارقالغان.

ئىلىمىزنىڭ سىرتىدا، بۇ تىل تارمىقىغا مەنسۇپ تىللاردىن ئاساسلىقى تايلاند تىلى، شەنزۇ تىلى، لائوس تىلى، نۇڭزۇ تىلى، دەيزۇ تىلى قاتارلىقلار بار.

3. مياۋزۇ - ياۋزۇ تىللىرى ئائىلىسى. ئاساسەن جوڭگونىڭ غەربىي جەنۇب، ئوتتۇرا جەنۇب رايونلىرى، ۋە ۋيېتنام، لائوسقا تارقالغان. ئىككى تىل تارمىقىغا بۆلۈنىدۇ:

1) مياۋزۇ تىلى تارمىقى: مياۋزۇ تىلى.

2) ياۋزۇ تىل تارمىقى: ياۋزۇ تىلى.

4. زاڭزۇ - بىرما تىللىرى ئائىلىسى. ئاساسەن جوڭگونىڭ غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال رايونلىرى

ۋە بىرما، بۇتان، سىككىم، نېپال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئېلىمىزدە زاڭزۇ - بىرما تىللىرى ئائىلىسىنىڭ ئۈچ تارمىقى بار:

1) زاڭزۇ تىلى تارمىقى: زاڭزۇ تىلى. شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ۋە چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا تارقالغان.

2) يىزۇ تىللىرى تارمىقى: يىزۇ تىلى، لىسۇ تىلى، ناشى تىلى، لاخۇ تىلى، بەيزۇ تىلى قاتارلىقلار. ئاساسەن سىچۈەن، گۈيجۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

3) جىڭپو تىلى تارمىقى: جىڭپو تىلى. ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دېخۇڭ دەيزۇ - جىڭپو ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارقالغان.

ئېلىمىزنىڭ سىرتىدا بۇ تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىللاردىن بىرما، كۇكى - چىن، ناگا - بودو قاتارلىق تىل تارماقلىرىنىڭ تىللىرى بار.

خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھازىرقى زامان تىللىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى:

(1) ئايرىم تىل ياكى دىئالېكتلاردىن (مەسىلەن، زاڭزۇ تىلىنىڭ ئەندۇ دىئالېكتى) باشقا تىللاردا ھەربىر بوغۇمدا تۇراقلىق تون بولىدۇ.

(2) تاق بوغۇملۇق سۆزلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) سۆز تەرتىپى ۋە ياردەمچى سۆزلەر گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ۋاسىتە.

(4) كۆپ سانلىق تىللاردا شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار سۆز خېلى كۆپ.

خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردا خېلى قەدىمكى زامانلاردىكى ھۆججەتلەر ساقلانغان. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىنىڭ 3000 يىل ئىلگىرىكى چىغىناق ـ تاغاق يېزىقى بار،زاڭزۇ تىلىنىڭ VII ئەسىردىكى مەڭگۇ تاش (ئابىدە) يېزىقى بار؛ بىرما تىلىنىڭ XII ئەسىردىكى مەڭگۇ تاش يېزىقى بار؛ تايلاند تىلىنىڭ XIII ئەسىردىكى مەڭگۇ تاش يېزىقى بار.

## II ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى

ئاساسەن ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ تىل سىستېمىسىنىڭ دائىرىسى غەربتە ياۋروپادىكى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن باشلىنىپ ئىران، ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، شەرقتە شىنجاڭغىچە يېتىپ كېلىدۇ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تىللىرى ناھايىتى كۆپ.

### 1. ھىندى تىللىرى ئائىلىسى

بۇنىڭغا ھىندى تىلى، ئوردو تىلى، بېنگال تىلى، سىگان (جىپسى) تىلى قاتارلىقلار كىرىدۇ. قەدىمكى سانسكرىت تىلىمۇ ھىندى تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ.

### 2. ئىران تىللىرى ئائىلىسى

1) شەرقىي تارمىقى: ئافغان تىلى، پۇشتۇ تىلى قاتارلىقلار.

2) غەربىي تارمىقى: پارس تىلى، كورد تىلى، تاجىك تىلى قاتارلىقلار.

### 3. سلاۋيان تىللىرى ئائىلىسى

1) شەرقىي تارمىقى: رۇس تىلى، ئۇكرائىن تىلى، بېلورۇس تىلى.

2) غەربىي تارمىقى: پولەك تىلى، چېخ تىلى، سلوۋاك تىلى قاتارلىقلار.

3) جەنۇبىي تارمىقى: بولغار تىلى، ماكېدون تىلى، سېرب - خورۋات تىلى، سلوۋېن تىلى قاتارلىقلار.

### 4. بالتىق تىللىرى ئائىلىسى

1) شەرقىي تارمىقى: لىتۋۇ تىلى، لاتىش تىلى.

2) غەربىي تارمىقى: قەدىمكى پرۇس تىلى (ھازىر يوقالغان).

### 5. گېرمان تىللىرى ئائىلىسى

1) شىمالىي تارمىقى (سكان نىكۋىيە تىللىرى تارمىقى): دات تىلى، شۋېد تىلى، نورۋېج تىلى، ئىسلاند تىلى، فارېر تىلى (ئاتلانتىك ئوكياندىكى فارېر تاقىم ئاراللىرىدا).

2) غەربىي تارمىقى: ئىنگلىز تىلى (ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر. ھازىرقى زامان ئۆلچەملىك تىلى لوندون دىئالېكتىنىڭ ئاساسىدا XV ئەسىردە شەكىللەنگەن). گوللاند تىلى، نېمىس تىلى (گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، شۋېيتسارىيىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى، شىمالىي قىسمى)، فلاندىر تىلى، ئىدىش تىلى (گېرمانىيە، پولشا ۋە سوۋېت

ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلەرنىڭ قوللىنىدىغان تىلى).

3) شەرقىي تارمىقى: گوت تىلى قاتارلىقلار (ھازىر يوقالغان).

6. لاتىن تىللىرى ئائىلىسى

بۇنىڭغا ئىسپان تىلى (ئىسپانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر)، فرانسۇز تىلى (فرانسىيە، بېلگىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، شۋېتسارىيىنىڭ غەربىي قىسمى، كانادا، ھايتى)، ئىتاليان تىلى، پورتۇگال تىلى، رۇمىن تىلى، پروۋانسال تىلى (فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى)، كاتالون تىلى (ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى)، مولداۋ تىلى (سوۋېت ئىتتىپاقى مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتى. مولداۋ تىلى بىلەن رۇمىن تىلى يېقىن كېلىدۇ) كېيىنكى رومان تىلى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

7. كېلت تىللىرى ئائىلىسى

بۇنىڭغا ئىرلاند تىلى، شوتلاند تىلى، ۋېلس تىلى، برېتون تىلى (ئەنگلىيىنىڭ برىتانىيە يېرىم ئارىلى) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

8. گرېك تىلى (گرېتسىيە، سىپرۇس).

9. ئالبان تىلى

10. ئەرمەن تىلى (سوۋېت ئىتتىپاقى ئەرمەنىستان جۇمھۇرىيىتى، ئىران، تۈركىيە).

11. تۇخار تىلى (VI، VII ئەسىرلەرنىڭ دەسلەپىدە ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى قاراشەھەر، كورلا ئەتراپىغا تارقالغان).

12. ئىشت تىلى (يەنە مىخ يېزىقىدىكى خېتت تىلى) قەدىمكى كىچىك ئاسىيا خېتت پادىشاھلىقىنىڭ تىلى (ھازىر يوقالغان).

## III ئورال تىللىرى سىستېمىسى

### 1. فىن — ئۇگۇر تىللىرى ئائىلىسى

1) فىن تىللىرى تارمىقى: فىن تىلى، ئېستون تىلى قاتارلىقلار.

2) ئۇگۇر تىللىرى تارمىقى: ۋېنگىر تىلى قاتارلىقلار.

### 2. ساموئېد تىللىرى ئائىلىسى

ئېنېتس تىلى، ئگاناسان تىلى قاتالىقلار.

## IV ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى

### 1. تۈركىي تىللىرى ئائىلىسى

1) بولغار تىللىرى تارمىقى: چۇۋاش تىلى قاتارلىقلار.

2) ئوغۇز تىللىرى تارمىقى: تۈرك تىلى، تۈرۈخمەن

تىلى، تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، سالا تىلى قاتارلىقلار.
3) قىپچاق تىللىرى تارمىقى: قازاق تىلى، تاتار تىلى، باشقىرات تىلى، قىرغىز تىلى قاتارلىقلار.
4) قارلۇق تىللىرى تارمىقى: ئۇيغۇر تىلى (ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى)، ئۆزبېك تىلى (سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى).
5) قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرى تارمىقى: يۈگۇ تىلى (ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى)، تۇۋا تىلى، ياقوت تىلى، شور تىلى، خاكاس تىلى قاتارلىقلار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بۇ تارماققا مەنسۇپ).

## 2. موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى

موڭغۇل تىلى (ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى)، بۇرياتە تىلى، داغۇر تىلى (ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى)، دۇڭشياڭ تىلى (ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى)، تۇزۇ تىلى (ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى)، باۋئەن تىلى (ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى)، موغۇل تىلى (ئافغانىستان). قەدىمكى تىللاردىن قىتان تىلى بار.

## 3. تونگۇس — مانجۇ تىللىرى ئائىلىسى

1) تونگۇس تىللىرى تارمىقى: ئېۋېن تىلى، ئېۋېنك تىلى، نېگىدال تىلى، ئېلوْنچون تىلي (ئېلىمىزنىڭ ئىچكى

موڭغۇل ئاپتونوم رايونى)، خېجى تىلى (ئېلىمىزنىڭ خېيـ لۇڭجياڭ ئۆلكىسى).

2) مانجۇ تىللىرى تارمىقى: مانجۇ تىلى، شىبە تىلى قاتارلىقلار. قەدىمكى تىللاردىن جۇرجىت تىلى بار.

چاۋشيەن تىلىنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس. بەزى كىشىلەر ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

## V سامى – هامى تىللىرى سىستېمىسى

### 1. سامى تىللىرى ئائىلىسى

1) شەرقىي تارمىقى: ئاككاد تىلى (بابىل تىلى قاتارلىقلار (هازىر يوقالغان).

2) شىمالىي تارمىقى: قەدىمكى خانائان تىلى، فىنىك تىلى، قەدىمكى ئىبرىي تىلى قاتارلىقلار (هازىر ھەممىسى يوقالغان).

3) جەنۇبىي تارمىقى: ئەرەب تىلى (مىسىر، ئىراق، لىۋان، ئىئوردانىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستان، يەمەن، ئالجىـ رىيە، ماراكەش، تۇنىس، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر)، ئېفىئوپىيە تىللىرى (ئامخار تىلى ۋەكىللىكىدىكى تىللار) قاتارلىقلار.

### 2. هامى تىللىرى ئائىلىسى

1) بەربەر تىللىرى تارمىقى: شىمالىي ئافرىقا بەربەر تىللىرى

2) گۆشت تىللىرى تارمىقى: سومالى تىلى، گاللا تىلى قاتارلىقلار.

3) قەدىمكى مىسىر تىللىرى تارمىقى: قەدىمكى مىسىر تىلى، كوپت تىلى ھازىر ھەممىسى يوقالغان).

4) چاد تىللىرى تارمىقى: ئاساسلىقى خائۇسا تىلى بولۇپ، ئافرىقىدىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى. نىگېرىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدىكى غەربىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىگە كەڭ تارقالغان.

## VI ئىبىر — كاۋكاز تىللىرى سىستېمىسى

1. كارتۋېل (ئىبېر) تىللىرى ئائىلىسى: گرۇزىن تىلى، زان تىلى، سۋان تىلى قاتارلىقلار.

2. ئابخاز — ئادىگېي تىللىرى ئائىلىسى

ئابخاز تىلى، ئادىگېي تىلى، كاباردىن تىلى، ئۇبىخ تىلى.

3. باتسبىيە — كىستىن تىللىرى ئائىلىسى

باتسبە تىلى، ئىنگۇش تىلى، چېچىن تىلى.

4. داغىستان تىللىرى ئائىلىسى: ئاۋار تىلى، دارگىن لاك تىلى، لېزگىن تىلى، تاباساران تىلى.

باسك تىلى ئىسپانىيە، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارقالغان. بەزى كىشىلەر بۇ تىلنى ئىبېر — كاۋكاز تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

## VII دراۋىد تىللىرى سىستېمىسى

تامىل تىلى (ھىندىستاننىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمى ۋە سەيلوننىڭ شىمالىي قىسمى)، مالايالام تىلى (ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى)، كاننارا تىلى (ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى)، تېلۇگۇ تىلى (ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى).

## VIII مالاي - پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى

1. ھىندونېزىيە تىللىرى ئائىلىسى

مالاي تىلى، ياۋان تىلى، تاگال تىلى (فىلىپپىن)، گاۋشەن تىلى (تەيۋەن ئۆلكىسى).

2. مېلانېزىيە تىللىرى ئائىلىسى

3. مىكرونېزىيە تىللىرى ئائىلىسى

4. پولىنېزىيە تىللىرى ئائىلىسى

مائورى تىلى (يېڭى زېلاندىيىنىڭ شەرقىي قىسمى)، ھاۋاي تىلى.

## IX جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى

1. مون - كخمېر تىللىرى ئائىلىسى

كخمېر تىلى (كامبودژا)، مون تىلى (بىرمانىڭ

شەرقىي - جەنۇبىي قىسمى)، كاۋا تىلى (ئىلىمىزنىڭ يۇلـ
نەن ئۆلكىسى)، بولاڭ تىلى (ئىلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلـ
كىسى)، بېڭلۇڭ تىلى (ئىلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى).

2. مۇندا تىللىرى (ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال
قىسمى)

ياپون تىلىنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ
ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس.

ئاۋستىرالىيىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى
شىمالىي تىللىرى تارمىقى، ئوتتۇرا قىسىم تىللىرى تارمىقى
ۋە جەنۇبىي تىللىرى تارمىقىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماققا
بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلـ
ىكىمۇ تېخى بېكىتىلمىدى.

## X ئافرىقا ۋە ئامېرىكا تىللىرى

ئافرىقىدا ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ تەخمىنەن 430 خىل
تىل ۋە دىئالېكتى بار. ئۇلارنى ئۈچ چوڭ تىل ئائىلىسىگە
بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) سۇدان تىللىرى ئائىلىسى، (2) بەنـ
تۇ تىللىرى ئائىلىسى، (3) بۇشمېن ۋە ھوتتېنتوت
تىللىرى.

ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تىللىرى نۇرغۇن قەبىلىلەر-
نىڭ تىل ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە بىر -
بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز.

## تىلنىڭ بىرلىككە كېلىشى

1. تىل جەمئىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ بىرلىككە كېلىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىدە پارچىلانغان، بىرلىككە كەلمىگەن جەمئىيەت پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشى مۇمكىن. ئەسلىدە بىرقانچە مۇستەقىل جەمئىيەتلەرمۇ بىرلىككە كېلىپ بىر جەمئىيەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىكى يەرلىك دىئالېكتلار ياكى تىللار ئارىسىدىكى پەرقلەر، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە ئالاقىلىشىشىگە ماس كەلمەي قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشىگە ۋە بىرلىكنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىلمۇ جەمئىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ پەيدىنپەي بىرلىككە كېلىشكە باشلايدۇ.

2. ئورتاق تىل ۋە ئورتاق تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش.

ئورتاق تىل بولسا جەمئىيەتنىڭ جۇغراپىيىلىك بۆلۈنۈشلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كېلىشكە باشلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان تىل شەكلى. بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي خەلقى ئورتاق سۆزلىشىدىغان ھەم يازىدىغان، قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىلى شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق تىلى بولىدۇ. ئورتاق تىل دىئالېكتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ئالىي بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇ

دىئالېكتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دىئالېكتنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دىئالېكتنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان تىل شەكلى. بىر تىلنىڭ ئورتاق تىلى بىر دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. زادى قايسى دىئالېكتنىڭ ئاساسىي دىئالېكت بولۇشىنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى شەرتلىرى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئورتاق تىلى، يەنى پۇتۇڭخۇانىڭ شىمالىي دىئالېكتنى ئاساس قىلىش مۇھىمى سىياسىي سەۋەبتىن بولغان.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىز بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى (مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ) پۈتكۈل خەلق ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلىدىن ئىبارەت. ئەمدى كۆپ مىللەتلىك بىر مەملىكەتتە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك بىر ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالىغا موھتاج بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئېلىپ بارىدىغان تىل مەملىكىتىمىزدە بولسا خەنزۇ تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىلنىڭ قېلىپلىشىشى بولسا تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلەردىكى ئۆلچەملەرنى بېكىتىش ۋە تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى تەركىبلەرنى، يېڭىچە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى مۇقىملاشتۇ-

رۇش بىلەن بىرگە ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەمدە تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان تەركىبلەرنى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشلاردىن ئىبارەت. قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى يېزىق تىلى بولىدۇ. چۈنكى، يېزىق تىلى ئېغىز تىلىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شەكلى. تىل تەرەققىي قىلىدۇ، شۇڭلاشقا قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچەملىرىنىمۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ رەتلەپ تۇرۇش كېرەك.

## 8. تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى

### تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئولتۇراقلىشىپ ياشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ نەتىجىسى بىلەن تىللار ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىدە ھەرخىل شەكىللەر بولىدۇ. ئادەتتە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى سۆز قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا مۇناسىۋەت بولىدىكەن، ئۆزئارا سۆز قوبۇل قىلىش بولىدۇ. ھەرقانداق تىلدا مەلۇم نىسبەتتە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى خەنزۇ مىللىتى قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇزۇن يىللار بىللە ياشاش جەريانىدا ئاز بولمىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن: «خاسىڭ، جوزا، بەسەي، لازا، خوچياڭ، خوشاڭ، گازىر، چەيدو، گاڭبى، سۇلياۋ، داشۆ، شۆجى» قاتارلىق سۆزلەر بار. ئۇيغۇر تىلىدا،

چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئۇرغۇن پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى بار. مەسىلەن: ئاتوم، مولېكۇلا، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئايروپىلان، تراكتور، تېلېۋىزور قاتارلىقلار.

قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ھەممىسى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن مەنە تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆزلەر ئوخشاش بولمايدۇ. مەنە تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆزلەر بولسا بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆز ياسايدىغان ماتېرىياللار ۋە قائىدىلەر بويىچە، چەت تىلدىكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش بىلەن ياسالغان يېڭى سۆزلەردۇر. تۆۋەندىكى مىساللاردىن ئۇيغۇر تىلىدىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن مەنە تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆزلەرنىڭ پەرقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| تىل تۈرى | ئەسلى سۆز | قوبۇل قىلىنغان سۆز | مەنە تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆز |
|---|---|---|---|
| خەنزۇ تىلى<br>~ ~ | 录音机<br>录象机 | لۇيىنجى<br>لۇشياڭجى | ئۈنئالغۇ<br>سىنئالغۇ |

مەنە تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە يەنە ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلىپ ياسالغان سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆز تىلىنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ئەسلى سۆزنىڭ مورفېمىلىرىنى بىرمۇ

بىر رېتى بىلەن تەرجىمە قىلىندۇ. بۇنىڭدا ئۇنىڭ مەنىسىلا كۆچۈرۈلۈپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇش شەكلىمۇ كۆچۈرۈلۈپ كېلىندۇ. مەسىلەن: چوڭ خەتلىك گېزىت (خەنزۇچە: 大字报) تېكىتاك توپ (خەنزۇچە: 乒乓球) تىكلىمە چىراغ (خەنزۇچە: 立体灯) يەككە ئىگىلىك (خەنزۇچە: 个体经济) قاتارلىقلار.

بەزى ۋاقىتتا، چەت تىلىدىن كىرگەن تەركىبلەرنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، چۈشىنىشكە ئوڭايلىق بولۇش ئۈچۈن يېرىم تەرجىمە، يېرىم قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، دوگمىچىلىق، باشقۇرما بومبا، موللاقچى ماشىنا قاتارلىقلار.

قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر گەرچە مەنە ۋە تاۋۇش جەھەتتىن چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن يەنىلا قوبۇل قىلىنۋالغان مىللەتنىڭ تىل قۇرۇلمىسىنىڭ قائىدىلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

ئەگەر قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ قوبۇل قىلغان تىلنىڭ سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى فونېما، بوغۇم تۈزۈلۈشى، سۆز ياساش قائىدىلىرى ھەتتا سىنتاكسىسلىق قائىدىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىشى مۇمكىن. رۇس تىلى ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىكى بىر قىسىم پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم قۇرۇلۇشىدا «ئۈزۈك تاۋۇش + ئۈزۈك

تاۋۇش + سوزۇق تاۋۇش» لۇق بوغۇم شەكلى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «كران»، «پراكتىكا»، «كلاسسىك» قاتارلىق سۆزلەردە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بوغۇم شەكلى بار. ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن كۆپلەپ سۆزلەرنىڭ كىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ تىللاردىكى بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ بىزگە كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن: — باز(قىلىپباز)، بەت — (بەتقىلىق)، بى — (بىئەدەب)، — پەرەس (ئۇرۇشپەرەس)، — پەرۋەر (تىنچلىقپەرۋەر)، خانا (ئاشخانا)، — دار (بىسىمدار)، — كار (پاختىكار) قاتارلىقلار.

## تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى

تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ① ئۇچرىشىشى ياكى قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە سادىر بولىدىغان بىرخىل تىل ھادىسىسى. بۇ، بىر خىل تىل باشقا بىر خىل تىلنى چەتكە قېقىپ، شۇ تىلنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالىغا ئايلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوخشاشمىغان تىللارنىڭ بىرلىككە كېلىپ بىر خىل تىلغا ئايلىنىشىنىڭ ئاساسىي شەكلى.

① بۇ يەردىكى «مىللەت» سۆزى، بۇ يەردە ئۇرۇق، قەبىلە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇيۇمىي بىرلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ستالىن مۇنداق دېگەنىدى: «قوشۇلغاندا ئادەتتە بۇ تىللار-نىڭ بىرى غالىب بولۇپ، ئۆزىنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇ-لۇشىنى ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىنى ساقلاپ قالىدۇ ھەمدە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ تۈپ سۈپىتىدىن مەھرۇم بولۇپ پەيدىن-پەي يوقىلىپ بارىدۇ.»① خەنزۇ تىلى جۇڭگو تارىخىدا قىتان، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالىغا ئايلانغان.

ئىككى ياكى بىرقانچە مىللەت بىرىكىپ بىر مىللەتكە ئايلانغاندا، ئەلۋەتتە، بىر خىل ئورتاق ئالاقىلىشىش قورا-لى بولۇشى كېرەك. زادى قايسى بىر خىل تىل باشقا بىر تىلنىڭ ئورنىغا دەسسەپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالاقى-لىشىش قورالىغا ئايلىنىشىنى جەمئىيەتنىڭ تارىخىي شارا-ئىتى بەلگىلەيدۇ. تىللارنىڭ قوشۇلۇپ قايسى تىلنىڭ غالىب بولۇپ چىقىش مەسىلىسىدە، سىياسىي جەھەتتە قايسى مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇش - تۇرماسلىقى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دېگە-نىدى: «ئۇزاق مۇددەتلىك بويسۇندۇرۇش داۋامىدا، ياۋايى-راق بويسۇندۇرغۇچىلار، مۇتلەق كۆپ ھاللاردا، بويسۇندۇ-رۇشتىن كېيىن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرقەدەر يۈكسەك

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 40 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل نەشرى.

(ئىگىلىك ئەھۋالىغا) لايىقلىشىشقا مەجبۇر بولدى؛ گۇلار
بويسۇندۇرۇلغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى،
بەلكى كۆپ قىسمى ھەتتا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تىلىنى
قوللىنىشقىمۇ مەجبۇر بولدى.»①

تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن يەنە ھەر مىللەت
خەلقلىرى بىر رايوندا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشايدى
غان ئوبيېكتىپ شەرت بولۇشى زۆرۈر.

تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ كونكرېت جەريانى،
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قوش تىللىق ھادىسىنى باش
تىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىردا بىر خىل تىل
باشقا بىر خىل تىلنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا
دەسسەش بىلەن تىلنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى تاماملاشتىن
ئىبارەت بولىدۇ. بۇ بىر ئۇزۇن تارىخىي جەريان بولۇپ،
«بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى بېرىدىغان،
بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ زەربىدارلىق ھەرىكەت②
ئەمەس. قوش تىللىق ھادىسە بولسا قوشۇلۇپ كېتىدىغان
مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئومۇمەن ئىككى خىل تىلدا سۆزلە
شەلەيدىغانلىقىنى، يەنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ۋە قوشۇلۇپ
كېتىشتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان تىلدا سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. قوش تىللىق ھادىسە تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كې
تىش جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدى

① ئېنگېلس: «دېيورىڭغا قارشى»، 348 - بەت، مىللەتلەر نەش
رىياتىنىڭ 1972 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 40 - بەت،
مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

لىكلەرگە باي بولغان بىر ھادىسە بولۇپ، ئىككى خىل
تىل ياكى بىرقانچە خىل تىلنىڭ قوشۇلۇپ بىر خىل
تىلغا ئايلىنىشىدا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى
باسقۇچ. ئەلۋەتتە، ئىككى تىللىق ھادىسە شەكىللەنگەندىن
كېيىن ئەڭ ئاخىردا، تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش - كەت-
مەسلىكىنى ئەكىلىشنى جەمئىيەتنىڭ تارىخىي شارائىتى
بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئىككى مىللەتنىڭ تىلى قوشۇلۇپ كېتىش
يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى
بارغانسېرى يېقىنلاشسا، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مىللەت ئۆز
تىلىدىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تىللارنىڭ قوشۇلۇپ
كېتىشى ئاماللىنىدۇ. تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىنىڭ
خېلى كۆپ شەكىللىرى بار. ئارىلاشما تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى
شۇكى، بىر خىل تىل يىراق جايلاردىن كېلىپ، يات يۇرت-
لاردا يەرلىشىپ ماكانلىشىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۇ، يەرلىك
تىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، يەرلىك تىلدىن بەزى
تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بەزى ئالاھى-
دىلىكلىرىنى يوقىتىپ، ئاساسىي جەھەتتە ئەسلى سۈپىتىنى
ساقلىغان ھالدا، ئەسلىدىكى تىلنىڭ بىر ۋارىيانتىغا ئايلى-
نىدۇ. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە تىپلار
ئەمەلىيەتتە يەنىلا بىرىنىڭ غالىب بولۇش، بىرىنىڭ مەغ-
لۇپ بولۇش فورمۇلىسى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىدۇ، بۇ، ئاساسىي دىئالېكتىنىڭ باشقا دىئالېكت-
لارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ئورتاق تىلغا ئايلىنىشى، تىللارنىڭ
بىرىكىشىدىكى مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ باشقا تىللارنى ئاس-

سىملىياتسىيە قىلىپ بىرلىككە كەلگەن ھالەتنى شەكىللەندۈ-
رۈشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش جەريان.

## دۇنيا تىلى

ھازىر دۇنيادا قوللىنىلىۋاتقان دۇنيا تىلى (Esperanto) پولشالىق دوختۇر زامېنخوپ (L·L·Zamenhop) تەرىپىدىن 1887 - يىلى ئىجاد قىلىنغان. بۇ تىلنىڭ لۇ-غەت تەركىبىدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن لاتىن مىللىتىنىڭ تىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، يەنە بىر قىسمى گېرمان مىللىتى-نىڭ تىلى ۋە گرېك تىلىدىن ئېلىنغان. گرامماتىكا قائى-دىلىرى 16 ماددا بولۇپ، ھېچقانداق باشقىچە ئەھۋال يوق. لاتىن ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. بىر ھەرپ بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيا تىلىنىڭ پۈتۈن لايىھىسى دۇنيا تىلىنىڭ لۇغىتى، گرامماتىكىسى ۋە ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيا تىلى ياۋروپا تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى ماتېرىياللار ۋە گرامماتىكا تۈزۈلۈشلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ بىر خىل قىلغان. ئۇ تەبىئىي تىلغا تەقلىدەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇنئىيلىك يوق. ئۇ ئاددىي بولۇپ، ئۆگى-نىشكە ئاسان. ياۋروپا تىللىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ

ھەممىسىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل تونۇشلۇق تۇيغۇسى بولىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى جۈملىنى مىسالغا ئالساق، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى پەرەز قىلىپ بىلىشى ئانچە تەس ئەمەس:

Ni(بىز) estas studentoj de la Pekina universitat. Ni lenas Esperantou. دۇنيا تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان كەڭ كۆلەمدە قوللاشقا ئېرىشمەكتە.

## 9. تىل سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى

### فونېتىكىنىڭ تەرەققىياتى

تىل سىستېمىسىدىكى فونېتىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. فونېتىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى دىئالېكتلار ياكى قېرىنداش تىللارنىڭ پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇش ۋە تىلنىڭ ئۆتمۈش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ.

تىل تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى بىر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ھەر خىل پەرقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل پەرقلەر ئادەتتە مەلۇم بىر خىل تىل ھادىسىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز دەل بۇ رايونلار ئارىسىدىكى پەرقلەردىن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئىزدىنىمىز. مەسىلەن: لوپنۇر دىئالېكتىدا «باشقا ئۇيغۇر شىۋىلىرىدە ‹h› لاشتۇرۇلىدىغان بىر قىسىم تۈركىي سۆزلەر ‹k› بىلەن ئېيتىلىدۇ». مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | لوپنۇر دىئالېكتىدا | قەدىمكى تۈركچى تىلدا |
|---|---|---|
| ahur | aķtar | aķtar |
| tohu | taķu | taķaƣu (taƣuķ) |
| hoxna | ķoxnu | ķoxni |

بۇ مىساللاردىن قەدىمكى تۈركچى تىلدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىدا بەزى سۆزلەردىكى /q/ فونېمىسىنىڭ /x/ فونېمىسىغا ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار تۈركچى تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىمۇ بەزى تىللاردا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزبېك تىلى، قازاق تىلى ۋە قىرغىز تىلى قاتارلىق قېرىنداش تىللارغا سېلىشتۇرغاندا [a]، [ɛ] فونېمىلىرىنىڭ [e]. [i] فونېمىلىرىغا ئاجىزلىشىش ھادىسىسىنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ:

| ئۇيغۇر تىلى | ئۆزبېك تىلى | قازاق تىلى | قىرغىز تىلى | قەدىمكى تۈركچى تىلى |
|---|---|---|---|---|
| سېرىق | سەرىق | سارى | سارى | سارىغ |
| ئېغىر | ئاغىر | ئاۋىر | ئوور | ئاغىر |
| تېمىش | تەمىش | تامۇۋ | تامۇۇ | تامىش |
| تېرىق | تەرىق | تارى | تارۇۇ | تارىغ |
| سېمىز | سېمىز | سېمىز | سېمىز | سەمىز |
| ئىكەن | ئېكەن | ئېكەن | ئېكەن | ئەر |

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش (ئا، ئە a، ә) بىلەن كۆپ

بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئا، ئە (a، ə) نىڭ ئاخىرىغا سۆز قوشۇلغاندا، (ئا، ئە) ئاجىزلاشمايدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاجىزلىشىپ (ئې، ئى) گە ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللاردا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| تىل | مىسال | | |
|---|---|---|---|
| قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى | كالمادى | باشى | قالمادى |
| ھازىرقى زامان قازاق تىلى | كېلمېدى | باسى | قالمادى |
| ھازىرقى زامان قىرغىز تىلى | كېلمادى | باشە | قالمادى |
| ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى | كېلمادى | باشى | قالمادى |
| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى | كەلمىدى | بېشى | قالمىدى |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل ھادىسە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللار بىلەن ئوخشاشماسلىق ھاسىل قىلغان روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر.»①

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنى باشقا قېرىنداش تىللارغا سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى تۈركىي تىلغا نىسبەتەن

① يې شاۋجۈن: «قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى توغرىسىدا» «قەشقەر پېداگوگىكا شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 1 - سان، 60 - بەت.

خېلى دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| ئۇيغۇر تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | قەدىمكى تۈركىي تىلىدا |
|---|---|---|
| كۆكرەك | كۆكۈرۆك | كۆكۈز |
| سۆڭەك | سۆۆك | سۈڭۈك (سۆڭۈك) |

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم سۆزلەردە لەۋلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. مەسىلەن:

| ئۇيغۇر تىلى | قىرغىز تىلى | قەدىمكى تۈركىي تىل |
|---|---|---|
| يورۇق | جارىق | يارۇق |
| ئوچۇق | ئاچىق | ئاچۇق |
| ئۆتۈك | ئۆتۈك | ئەتۈك |

قىسقىسى، دىئالېكتلار ياكى قېرىنداش تىللارنىڭ پەرقلىرىنى تەكشۈرۈش تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئىز-دىنىشتىكى مۇھىم بىر يول.

يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى تەكشۈرگەندىمۇ، تىل-دىكى فونېتىك ئۆزگىرىشلەرنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «كەيىك يىيۇ، تابىسغان يىيۇ ئولۇرۇر ئەرتىمىز. بودۇن بوغزى توق ئەرتى، ياغىمىز تەگىرە ئۇچۇق تەگ ئەرتى؛ بىز شەگ ئەرتىمىز. ئانچا ئولۇرۇر ئەرىكلى ئوغۇزدانتان كۆرۈگ كەلتى». (كېيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى. بىز جانىمىز ھايۋاندەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى

كەلدى.)① «كەنە كۈنلەردەن بىر كۈن ئاي قاغاننۇڭ كۆزۈ
يارىپ بودادى. ئەركەك ئوغۇل توغۇردى. ئوشۇل ئوغۇلنۇڭ
ئۆڭلۈكى چىراغى كۆك ئەردى. ئاغزى ئاتاش قىزىل ئەردى
كۆزلەرى ئال، ساچلارى، قاشلارى قارا ئەردىلەر ئەردى.
ياقشى نەپسىلەردەن كۆرۈكلۈگرەك ئەردى. ئوشۇل
ئوغۇل ئاناسىنىڭ كۆگۈزۈندۈن ئوغۇزنى ئىچىپ مۇندۇن».
(كۈنلەردىن بىر كۈن ئايخاننىڭ كۆزى يورۇپ، بو-
شاندى، بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭ - چىرايى
كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى هال، چاچلىرى،
قاشلىرى قارا ئىدى. پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. بۇ
ئوغۇل ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن ئوغۇز سۈتىنىلا ئېمىپ، ئۇنىڭ-
دىن ئارتۇق سۈت ئەممىدى.)②

« اُسْ اَسْ كُرُبْ يُكْسَكْ قَلِقْ قُودِي جقار
بِلْگا كشي اُكُتْ بِرِبْ تَفْرَقْ اُقار

us əs kərüp yüksək kalik kudi qakar
bilgə kixi əgüt bərip tavrak ukar

[تاپقۇش تاپىنى كۆرگەندە ئېگىزدىن تۆۋەنگە شۇڭغۇيدۇ،
دانىشمەن كىشى ئۆگۈت - نەسىھەت بەرسە تېز چۈشىنىدۇ.]

---

① «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىن، ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى-دىن تاللانما»، 46 - 54 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى.

② «ئوغۇزنامە» 128 - 139 - بەتلەر.

تاپقۇش تاپىنى كۆرگەن ھامان ئاسماندىن تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇيدۇ، دانىشمەن كىشىنىڭ ئۈۋلايدىغىنى ئۆگۈت-نەسىھەتتۇر، ئۇ ئۆگۈت - نەسىھەتنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى يادلايدۇ ۋە چۈشىنىدۇ.»①

« اَغْرُق اَغِر اِشِنْكني اَذْناغقا يُذُرما

أَغْرُب اُزُنك اِشارِب اَذْناغني تُذُرما

aⱪruk aⱪir ixinni aznaⱪuka yüzürmə

aqrup ɵzün ɵxərip aznaⱪuni tozurma

[ھەددىدىن ئارتۇق يۈكلۈكنى باشقىغا يۈدتۈرمە، ئۆزۈڭنى كۆزۈڭ قاراڭغۇلاشقۇچە ئاچ قويۇپ، ئۆزگىنى تويدۇرما].

ئۆزۈڭنىڭ ئېغىر يۈكلۈكنى باشقىلارغا يۈدتۈرمە، باشقىلارنى تويدۇرىمەن دەپ، ئۆزۈڭنى كۆزۈڭ قاراڭغۇلاشقۇدەك دەرىجىدە ئاچ قويما.»②

«ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى تەكشۈرگەندە، ئومۇمەن تۈركىي تىللاردا سەككىز ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، بۇلار تىل ئالدى ۋە تىل كەينى بولۇپ، ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ئىككى يۈرۈش ئىدى: ə — i، a — ɛ، u — y، o — ɵ، كېيىنكى تۆتى لەۋلەشكەن تاۋۇش بولۇپ، ئالدىنقى تۆتى بىلەن لەۋ ھالىتى

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، (3 - جىلد)، 61 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى.

② — يۇقىرىدىكى كىتاب، 90 - بەت.

جەھەتتە، قارىمۇ قارشى ئىدى»، ھازىر «ئۇيغۇر تىلىدا i — ە نىڭ قارىمۇ قارشىلىقى يوقىلىپ، بىر فونېمىنىڭ ۋارىيانتلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. a، ɛ لارنىڭ e غا ئاجىز- لىشىشى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تىل ئالدى ۋە تىل كەينى بولۇشتەك قارىمۇ قارشىلىق سىستېمىسىدا a — ɛ، u — y، o — ɸ دىن ئىبارەت ئۈچ جۈپ ساقلىنىپ قېلىپ، i ۋە e دائىم ئارىلىقتىكى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى»①. لېكىن ئېلىمىزدىكى قازاق تىلى ۋە قىرغىز تىلى قاتارلىق تىللاردا بۇ سەككىز ئاساسىي سوزۇق تاۋۇشلاردا ئۆزگىرىش بولمىدى.

يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قەدىمكى تۈركىي تىلغا سېلىشتۇرغاندا [a] نىڭ [o] غا، [i] نىڭ [u] غا ئالمىشىشى قاتارلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| ئاچىق | ئۇچۇق |
| ئازىق | ئۇزۇق |
| خاتۇن | خوتۇن |

بۇنىڭدىن باشقا يەنە سانلارنىڭ ئېيتىلىشىدىمۇ فونېتى- كىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن (مەسىلەن، «ئوتتۇز»، «توق- قۇز»، «سەككىز» لەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوتۇز»،

① ۋېي سۈيىي: «تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىللارنىڭ تارقىلىشى ۋە مە- لىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى»، «جۇڭگو تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىللارنىڭ نومۇمىي ئەھۋالى»، 4- بەت، جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتى «تەھرىر گۇرۇپپىسى» 1982- يىل.

«توققۇز»، «سەككىز» دەپ ئېيتىلىدىغان).

بىر خىل تىلدىن بۆلۈنۈپ چىققان دىئالېكتلار ۋە قېرىنداش تىللاردا گەرچە تىل تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىز-لىقى بىلەن ھەر خىل فونېتىكىلىق پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە رەتلىك قانۇنىيەتلىك بار. بۇ قانۇنىيەتلىك بۇ پەرقلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا قانۇنىيەت-لىك ھالدا ماس كېلىش مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزىبىر سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ‹q› غا قازاق تىلىدىكى ‹w› نىڭ ماس كېلىشى، بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن ‹q – y› غا ‹j، x› نىڭ ماس كېلىشى بىر خىل فونېتىكىلىق قانۇنىيەتتۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹taq، baq، yaqdi، yahxi، yər، yok، qay، qakir، qana› سۆزلىرىنىڭ قازاق تىلىدا ‹taw، baw، jawde، jakse، jer، jok، xay، xaker، xana› دېيىلگىنىگە ئوخشاش.»①

ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تەكشۈر-گەندە، يەنە قىسمەن سۆزلەردە [d] ۋە [z] نىڭ [k] نىڭ [q] غا قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (مەسىلەن، ئاداق، كەدى»، «قۇزرۇق، ئازغىر»، «ئوروغ، قوروغ» سۆزلىرىنىڭ «ئاياق، كەيى»، «قۇيرۇق، ئايغىر»، «ئۇرۇق، قورۇق» شەكىللىرىگە ئۆزگىرىشى).

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى [r] نىڭ خوتەن دىئالېكتى-دىكى [j] غا ماس كېلىشى، بىر خىل قانۇنىيەتلىك ھادىسە

---

① نەسرۇللا يولبولدى: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىم-لەر» 137 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى.

(مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدىكى «تارا، رەڭ، راسا» سۆزلىرى خوتەن دىئالېكتىدا «تايا، يەڭ، ياسا» دېيىلگىنىگە ئوخشاش).

دىئالېكتلار ئارىسىدىكى ياكى قېرىنداش تىللار ئارىسىدىكى فونېتىكىلىق ماس كېلىش قانۇنىيىتى تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەڭ مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر دىئالېكتلار ياكى قېرىنداش تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى فونېتىكىلىق ماس كېلىش مۇناسىۋىتى يىغىنچاقلىنىپ چىقىلسا، ئىپتىدائىي «ئانا تىلى» غا دائىر نۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى بىلگىلى بولىدۇ. فونېتىكىلىق ماس كېلىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، دىئالېكتلار ياكى قېرىنداش تىللارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش بىلەن ئىپتىدائىي «ئانا تىل» نى پەرەز قىلىش ئۇسۇلى «تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.

## گرامماتىكىنىڭ تەرەققىياتى

گرامماتىكىنىڭ تەرەققىياتى، گرامماتىكىلىق بېرىكىش قائىدىسى تۈركۈملىنىش قائىدىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭى گرامماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم بەزى تەركىبلەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. بېرىكىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى

بېرىكىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن جۈملىدىكى

سۆز تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ئەڭ بالدۇر «تولدۇرغۇچى - خەۋەر» ئىدى. بۇ تەرتىپ شۇ دەۋرلەردىكى سىنتاكسىسنىڭ نۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھازىر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان تىللاردا «خەۋەر - تولدۇرغۇچى» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىكى فونېملارنىڭ بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىشىدىمۇ تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بېشىدا كەلگەن بوغۇمدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىپ بىرىكىپ ئاندىن بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلمايتتى، ھازىر بولسا مۇنداق بوغۇم شەكلى بارلىققا كەلدى (تراكتور، گرادۇس، گرانات قاتارلىقلار).

ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدا، ئىلگىرى ئىسملار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە چوقۇم «دۇر» قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىگە بىلەن ماسلىشىپ بىرىكىپ كېلەتتى. ئەمدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئىسملار بىۋاستە خەۋەر بولۇپ، ئىگە بىلەن ماسلىشىپ بىرىكىپ كېلىدىغان بولدى (مەسىلەن، ئۇ، ئوقۇغۇچىدۇر — ئۇ، ئوقۇغۇچى).

2. تۈركۈملىنىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى

گراماتىكىلىق تۈركۈملىنىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ يوقىلىشى ياكى كۆپىيىشى، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

تۈركۈملىنىش قائىدىسىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. قەدىمكى ھىندى — ياۋروپا تىللىرى مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشلەرگە باي بولغان تىل ئىدى، لېكىن ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا بۇ خىل تۈرلىنىشلەر ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ ئىخچاملانغان. مەسىلەن: خاقانىيە دەۋرىگە كەلگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسمىنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ «ئىغ، ئىگ، ئۇغ، ئۈگ، غ، گ» شەكىللىرى ئۆزگىرىپ «ن، ئىن، نى» قاتارلىق شەكىللەرگە كېلىپ قالغان. ئەمدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئىسمىنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» شەكلىگە ئىخچاملانغان. بېرىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ «غارۇ، قارۇ، گەدۈ، كەرۈ، ئا، ئە» شەكىللىرى «غا، قا، گە، كە، ئا، ئە» شەكىللىرىگە كەلگەن. ئەمدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «غا، قا، گە، كە» شەكىللىرىگە مەركەزلەشكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ شەرت رايىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار «سار، سەر» ئىدى. ئەمدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «سا، سە» گە ئۆزگىرىپ قالدى (بارسار — بارسا، كۆرسەر — كۆرسە).

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشىدە بەزى تەركىبلەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە چۈشۈپ قالغان ياكى

ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: «كۆرۈپ + يات + ئا + دۇر = كۆرۈۋاتىدۇ»، «ئىشلە + مەي + يات + ئا + دۇر = ئىشلىمەيۋاتىدۇ».

ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى بولۇپ كەلگەندە، قوشۇلىدىغان پېئىللارنىڭ شەخسلىك قوشۇمچىلىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئانچە ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالدى (مەسىلەن، مەن ئوقۇتقۇچىمەن — مەن ئوقۇتقۇچى).

ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كۆپلەپ سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى يېڭى قوشۇمچىلار بارلىققا كەلدى (مەسىلەن، باز، پەرەس، پەرۋەر، دار، كار، خانا، بەت، بى قاتارلىقلار).

مۇستەقىل سۆزلەردىن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاندىن ياردەمچى سۆزلەردىن قوشۇمچىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يېڭى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى سۆز تۈركۈملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. گراماتىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئانالوگىيىلىك تەسىر

فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردە يۈز بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھادىسە رەتلىكلىك بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم شەرت ئاستىدا تۇرغان A تاۋۇشى B تاۋۇشىغا ئۆزگەرسە، ئۇنداقتا A بىلەن ئوخشاش شەرت ئاستىدا تۇرغان بارلىق تاۋۇشلار B غا ئۆزگىرىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى قانۇنىيەتلىك شەكىللەر بىلەن بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر

پەقەت ئۆتمۈشتىكى پاكىتلارغا نىسبەتەن ئومۇملاشتۇرۇش بولۇپ، ماكان، زامان ۋە فونېتىكىلىق شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا بولمايدۇ.

گراماتىكا بولسا تىلدىكى ئومۇمىي قائىدىلەردىن ئىبارەت. ئۇ، يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇشى كېرەك. لېكىن گراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ رولى دائىم چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەممە يەردە ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. تىل بولسا ئىزەلدىن تارتىپ ئالاقە قىلىشىش قورالى بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك نوپۇزى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل دەسلەپتىلا بىر لايىھىگە ئاساسەن يارىتىلغان ئەمەس. تىلنىڭ زور بولغان كونسېرۋاتىپلىقى بار. تىلدىكى باغلامچى پېئىل، ياردەمچى پېئىل، قائىدىسىز پېئىللار، ئالماشلارنىڭ ھەممىسى تازا باشقۇرۇپ كېتىش تەس بولغان تەركىبلەر بولۇپ، بەزىدە كىشىلەر قانداق قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. بۇنى تىلنىڭ ھەر زامان پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي فۇنكسىيىسى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىدا تىلنىڭ قائىدىسىز تەرىپى تەكىتلەندى. ئەمەلىيەتتە، تىلدا قائىدىلىك ۋە رەتلىك بولۇش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولماي، ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا، ھەربىر جۈملە گەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بولسا، تىل مۇرەككەپلىشىپ كېتىپ، كىشىلەر ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدىغان، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇپ قالغان بولاتتى. قائىدىلىك ۋە رەتلىك

بولۇشنى تىلنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى بەلگىلىگەن، قىسقىسى، تىل ھەم قائىدىلىك، رەتلىك ھەم قائىدىسىزلىك، قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر سىستېما. شۇڭلاشقا، گرامماتىكىدا رەتلىك بولۇشقا يۈزلىنىش بىلەن بۇ خىل يۈزلىنىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت زىددىيەت مەۋجۇت. ئالدىنقىسى گرامماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردە دائىم رول ئوينايدىغان كۈچ بولۇپ، «ئانالوگىيىلىك تەسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئانالوگىيىلىك تەسىر گرامماتىكىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش، يېڭى قائىدىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، رەتلەش قاتارلىق روللارنى ئويناپ، تىلغا تېخىمۇ چوڭ بولغان تەرتىپلەرنى ئەكىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان گرامماتىكىلىق ئۆزگىرىش پاكىتلىرىنى ئانالوگىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ، لېكىن ئانالوگىيىلىك تەسىرنىڭمۇ بەلگىلىك چېكى بولىدۇ. ئۇ، بىرىنچىدىن، ئاساسى ناھايىتى چىڭ بولغان كونا نەرسىلەرنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، تىلدىكى ئۆزگىرىش ھەممە يەردە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بىر دولقۇن پەسىيىش بىلەن يەنە بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا تىل ئومۇمەن رەتلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئانالوگىيىلىك تەسىرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى دائىم چىقىپ تۇرىدۇ.

گرامماتىكىلىق ئۆزگىرىشتىكى ئانالوگىيىلىك تەسىرگە ئائىت مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن. قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدا ئىسىملاردا ئۈچ خىل سان شەكلى بار ئىدى: بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك. كېيىن ئىككىلىك شەكلى يوقىلىپ،

پەقەت بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى قالدى، S — كۆپلۈكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بىرلىك بىلەن كۆپلۈكنىڭ پەرقى S — نىڭ بار - يوقلۇقىدا بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدە S — بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئىسىملارمۇ كۆپلۈك بىلەن چۈشەندۈرۈلىدىغان بولدى. بىرلىككە كېلىش يۈزىسىدىن، باشقىدىن بىرلىك شەكلىنى يارىتىشقا توغرا كەلدى. مەسىلەن: قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدىكى byrgels (كۆممەك) ئەسلىدە بىرلىك ساندا ئىدى، كېيىن funeral (دەپنە قىلماق) ئوخشىتىلىپ قايتىدىن بىرلىك شەكىل — burial ياسالدى. بۇ خىل يېڭى شەكىلنىڭ يارىتىلىشى بولسا ئانالوگىيىلىك تەسىرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىخچاملىنىشى، ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدىكى جۈملىلەردە ئىسىم خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، پېئىللارنىڭ شەخسلىك قوشۇمچىلىرى ۋە «دۇر» باغلىغۇچى پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئانالوگىيىلىك تەسىرنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان.

بىز ئادەتتە گراماتىكىلىق نۇسخىلارغا ئاساسەن سۆز ياسايمىز، جۈملە تۈزىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە ئانالوگىيىلىك تەسىر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## لۇغەت تەركىبى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ تەرەققىياتى

لۇغەت تەركىبى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە

بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېڭى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى مۇقەررەر ھالدا لۇغەت تەركىبى ۋە سۆز مەنىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ. بۇلار كونكرېت ھالدا يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى

يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى. رېئاللىقتا پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلدا بۇ يېڭى شەيئىلەرنى ئىپادىلەش تۈپەيلى يېڭى سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋودورود بومبىسى»، «ئېلېكترون»، «سوتسىيالىزم»، «دېموكراتىيە»، «ئۇنىۋېرسال» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تىلدا يېڭى پەيدا بولغان سۆزلەردۇر.

كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشىمۇ تىلدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ھادىسە. كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى، كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى بىر سەۋەب. مەسىلەن، «ئامبال، مىراب، شاڭيۈ» قاتارلىق سۆزلەر. بۇ سۆزلەر ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىرگە يوقالدى. يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە

كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئىككى خىل مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) سۆزلەرنىڭ ئالمىشىشى

سۆزلەرنىڭ ئالمىشىشمۇ لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسە. بۇ خىل ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەلۇم بىر خىل رېئال ھادىسە ئۆزگەرمىسىمۇ، ئۇنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. سۆزلەرنىڭ ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ، لېكىن بۇنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئامىل كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «ئەمەلدار» نىڭ ئورنىغا «باشلىق» سۆزىنى، «دىخۋا» نىڭ ئورنىغا «ئۈرۈمچى» سۆزىنى، «قالماق» نىڭ ئورنىغا «موڭغۇل» سۆزىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار.

تىل سىستېمىسىنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىمۇ سۆزلەرنىڭ ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى. كىشىلەر تىلنى ئىشلىتىپ، ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئۆزئارا ئالاقىلەشكەن ۋاقىتتا، ئامالنىڭ بارىچە سۆزلەرنى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئېنىق ۋە توغرا ئىشلىتىشكە تىرىشىپ، ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىدۇ. تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشى ئۆزئارا ئالاقىلىشىشكە بەزى ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر خېلى كۆپ. خەنزۇ تىلىنىڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ئۈچۈن، ئاھاڭداشلىق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان مەنىنىڭ ئېنىق بولماسلىق ئەھۋالىدىن ساقلىنىش

ئۈچۈن، خەنزۇ تىلى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنى تاق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئىشلەتتى. مەسىلەن: «看见» (كۆرمەك) نى «看» نىڭ ئورنىغا قوللىنىش قاتارلىقلار. تىلنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ ئىنچىكىلىشىمۇ سۆزلەرنىڭ ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن خەنزۇ تىلىدىكى «保» خېتى قەدىمكى زاماندا نۇرغۇن مەنىلەرنى ئىپادىلەيتتى. پەرقلەندۈرۈۋېلىش تەس ئىدى. ھازىر، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «保存» (ئاسرىماق)، «保卫» (مۇھاپىزەت قىلماق)، «保护» (ساقلىماق) ... قىلىپ قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ خىلمۇ خىل ئالمىشىشلار خەنزۇ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، ئەسلىدە تاق بوغۇملۇق سۆزلەر ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان تىلنى قوش بوغۇملۇق سۆزلەر ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان تىلغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

### 3) سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا سۆزنىڭ شەكلى ئۆزگەرمەستىن، ئىپادىلىگەن مەنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. رېئال ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلەرنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «چىراغ» سۆزى ئەسلىدە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان ئۆينى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەسۋابنى بىلدۈرەتتى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆينى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

ئەسۋابلار كۆپەيدى، لېكىن رېئال ھادىسە ئۆزگەرسىمۇ (تەرەققىي قىلسىمۇ) بىز يەنىلا بۇ خىل ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسىنى «چىراغ» سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ كېلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئەھۋال سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى (كۆپىيىشى) بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، «سىياھ» سۆزى ئەسلىدە «قارا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل سۈيۇقلۇقلارنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

مەلۇم بىر مەنىنىڭ ئاساسىدا، سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش يولى ئارقىلىق يېڭى مەنىلەرنى پەيدا قىلىش سۆز مەنىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. مەسىلەن: «يولداش» سۆزىنىڭ دەسلەپكى مەنىسى سەپەردە بىللە يول يۈرگۈچى (ھەمسەپەر) دېگەن مەنىدە ئىدى. كېيىن ئەسلى مەنىسىنىڭ ئاساسىدا «سەپداش» قاتارلىق مەنىلىرى بارلىققا كەلدى. تىلدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مۇشۇنداق يول بىلەن پەيدا بولىدۇ.

سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە، ئاساسەن، ئەسلى مەنىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋال بولىدۇ.

بىر سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن رېئال ھادىسىنىڭ دائىرىسى ئەسلىدىكىدىن چوڭ بولسا، بۇ — سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھارپا» سۆزى ئەسلىدە ھېيت ـ بايرامنىڭ ئالدىنقى كۈنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. ھازىر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان دائىرىسىمۇ كېڭەيدى (مەسىلەن، ئازاتلىق ھار-

پىسى، ئىنقىلاب ھارپىسى).

ئەگەر سۆز مەنىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئىپادىلىگەن رېئال ھادىسىنىڭ دائىرىسى ئەسلىدىكىگە قارىغاندا كىچىكلەپ كەتكەن بولسا، بۇ ــ سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى بولىدۇ. مەسىلەن: «ئەش» سۆزى ئەسلىدە «دوست، يار، بۇرادەر، ئاغىنە، ھەمراھ» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە پەقەت بالا ھەمراھىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى. «سۆگەت» (قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئېيتىلىشى «سۆگۈت») قەدىمكى تۈركىي تىلدا «دەرەخ» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە دەرەخنىڭ بىر خىلىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەگەر ئەسلىدىكى سۆز مەنىسى مەلۇم بىر تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۆزگەرگەندىن كېيىن باشقا بىر خىل تۈردىكى ھادىسىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز مەنىسىنىڭ يۆتكىلىشى بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاپا» سۆزى ئەسلىدە «تاغا» مەنىسىنى، «ئاچا» سۆزى «ئاكا» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر بولسا، «ئاپا» سۆزى «ئانا» مەنىسىنى، «ئاچا» سۆزى «ھەدە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

سۆز مەنىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى كېڭىيىش، تارىيىش ۋە يۆتكىلىش ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ھەر خىل ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

مۇقاۋىنى شادىيە ئىشلىگەن

ISBN7-5371-0430-4/H·5

باھاسى: 1.70 يۈەن (民文)

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى
ئەمەت نىياز

# ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى